# جۇڭگو قەدىمكى زامان مەسەللىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-13158-7

9 787228 131587 >

定价: 9.00 元

# جۇڭگو قەدىمكى زامان مەسەللىرى

江苏工业学院图书馆
藏书章

تۈزگۈچى: [illegible]

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مەجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中国古代寓言故事精选：维吾尔文/郝笪钟编写；帕提古丽译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.12
ISBN 978-7-228-13158-7

Ⅰ.中...Ⅱ.①郝... ②帕...Ⅲ. 寓言 — 作品集 — 中国 — 古代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I276.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第002102号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 责任校对 | 赛纳瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 孔都孜·阿不来提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐隆益达印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 3.5 |
| 版　　次 | 2009年12月第1版 |
| 印　　次 | 2009年12月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 3000 |
| 定　　价 | 9.00 元 |

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社2003年5月第1版，2008年6月第1次印刷本翻译出版。

# جۇڭگو قەدىمكى زامان مەسەللىرى

**تۈزگۈچى:** بېي داجۇڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى:** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** قۇندۇز ئابلەت
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى لۇڭيىدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 13158 - 7
**باھاسى:** 9.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئوخشىتىش ........................... «مېڭزى» (1)
مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش .................. «مېڭزى» (2)
ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە ................ «مېڭزى» (2)
جايىغا بېرىپ بوپتۇ ــ دە ...................... «مېڭزى» (3)
يىچيۇنىڭ شاھمات ئۆگىتىشى .................. «مېڭزى» (3)
ئۇششۇك دورىسى مەلھىمى .................... «جۇاڭزى» (4)
ئاشپەزنىڭ كالىنى پارچىلىشى .................. «جۇاڭزى» (5)
ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت ........................ «جۇاڭزى» (6)
قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا .......................... «جۇاڭزى» (7)
لۇخۇنىڭ قۇش بېقىشى .......................... «جۇاڭزى» (8)
سۇغا تەشنا بېلىق ............................. «جۇاڭزى» (9)
بيەنچۆنىڭ كېسەل داۋالىشى ................... «خەنفېيزى» (10)
كۆڭلى ئاتتا بولماسلىق ......................... «خەنفېيزى» (11)
سۇ يىلىنىنىڭ ئەۋلىيا بولۇشى .................. «خەنفېيزى» (12)
تەپكەك ئاتنى تونۇش ........................... «خەنفېيزى» (13)
چىلان دەرىخىنىڭ تىكىنىگە چىشى مايمۇننى ئويۇش ........
.......................................«خەنفېيزى» (14)
ساندا بار، ساپادا يوق ......................... «خەنفېيزى» (15)
قۇتىسىنى ئېلىپ، مەرۋايىتىنى قايتۇرۇپ بېرىش ..........
.......................................... «خەنفېيزى» (16)
جىن سىزىش ھەممىدىن ئاسان .................... «خەنفېيزى» (16)
زېڭ زىنىڭ چوشقا سويۇشى ...................... «خەنفېيزى» (17)
بويۇنتۇرۇقنى تونۇماسلىق ....................... «خەنفېيزى» (18)
غالجىر ئىت بىلەن ھاراق ........................ «خەنفېيزى» (19)

ئاياغ سىتىۋېلىش ................................ «خەنفېيزى» (20)
بىر ـ بىرىگە زىت كېلىش ...................... «خەنفېيزى» (20)
كۆتەك تۇۋىدە توشقان پايلاش ..................... «خەنفېيزى» (21)
قوشنىسىنى ئوغرى تۇتۇش ............. «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (22)
بەلگە سىلىپ قويۇپ سۇدىن ئۆتۇش .... «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (22)
كېمىگە بەلگە سىلىش .................. «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (23)
كۆزىگە ئالتۇندىن باشقا نەرسە كۆرۇنمەسلىك ...............
.......................................... «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (23)
باشقىلارنىڭ چاپىنىغا ئېسىلىۋېلىش ...............................
.......................................... «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (24)
لىچيۇلۇق ئاتا ............................ «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (25)
قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ تۇرۇپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش ..........
..........................................«لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (26)
ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇش ................... «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (27)
هۆل ياغاچتا ئۆي سىلىش ............... «لۈ بوۋېي يىلنامىسى» (27)
يىلانغا پۇت سىزىش ............ «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (28)
يارىلانغان قۇش ................ «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (29)
تۇلكىنىڭ ئۇستاتلىقى ......... «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (31)
بولىنىڭ ئاتقا ئىچ ئاغرىتىشى ....................................
.......................................... «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (32)
ئاتىنىڭ كاللىسىنى بەش يۇز سەر ئالتۇنغا ئېلىش ...........
.......................................... «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (32)
ئاتىنىڭ بازىرىنى چىقىرىش ......................................
.......................................... «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (34)
بىر ـ بىرىگە يول قويماسلىق .......................................
.......................................... «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» (34)
ئورۇنسىز غەم ....................................... «ليېزى» (35)
ئىككى سەككىز ئون ئالتە ............................ «ليېزى» (36)
يەن بەگلىكىدىن يۇرتىغا قايتىش ................... «ليېزى» (37)

يوگوڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى ......................... «ليېزى» (38)
شۆتەننىڭ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىشى ............ «ليېزى» (40)
جى چاڭنىڭ مەرگەن بولۇشى ...................... «ليېزى» (41)
خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالماق ................ ليۇ شياڭ (43)
بيەن جۋاڭزىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈشى ............. سىما چيەن (44)
يې بايۇەچېننىڭ ئەجدىھاغا ئامراقلىقى ............ ليۇ شياڭ (45)
خۇۋۇفۇشىنىڭ ئۆي كۆچۈشى ........................ ليۇ شياڭ (45)
بامبۇك بادرىنى ئىككى پارچە قىلىش ............ خەن دەنچۇن (46)
كالىغا قالۇن چېلىپ بېرىش ..................... «ئۇلۇغ يارۇغ» (47)
چوڭ تاشپاقا بىلەن چۇمۇلە ........................... فۇ لاڭ (47)
مەسلىھەت ................................................ فۇ لاڭ (49)
سالقىنداش ............................................. فۇ لاڭ (49)
خۇيىننىڭ ئوقيا ئېتىشى .............................. فۇ لاڭ (50)
گۇڭشۇننىڭ سۇمۇرغ ئويۇشى ........................ ليۇ جۇ (51)
ئوقيا سۇندۇرۇش ........................................... ۋېي شۇ (52)
قەدەھكە چۈشكەن شولا ........................... فاڭ شۈەنلىڭ (52)
يا ئوقىننىڭ ئۇچىنى چىشلىۋېلىش .................... جاڭ جو (53)
قوڭۇر ئېيىق .................................... ليۇ زوڭيۈەن (55)
بىچارە قانداغاي ................................ ليۇ زوڭيۈەن (56)
گۇيجۇ ئېشىكى ................................. ليۇ زوڭيۈەن (57)
چاشقان باققان ئادەم ........................... ليۇ زوڭيۈەن (58)
ياغاچ قازان بىرلا قاينايدۇ ......................... شېن كو (60)
قۇياش ...................................................... سۇ شى (60)
سىياھبېلىقنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ................ لىن فاڭ (61)
بېلىق تۇتۇش .............................................. لىن فاڭ (62)
يىڭچيولۇقنىڭ تەبىرى ........... «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى» (63)
پاقا ................................ «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى» (65)
ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق ............................
................................ «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى» (65)

گۆشنى ئويۇپ گۆھەر يوشۇرۇش .................... سۇڭ ليەن (66)
سۇ جەمەتىنىڭ مۇشۇكلىرى .................... سۇڭ ليەن (67)
قاغا بىلەن سىچۇەن توخۇسى .................... سۇڭ ليەن (68)
هاماقەتنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى .................... سۇن ليەن (69)
چاشقاننى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش .................... سۇڭ ليەن (71)
قىلتاقتا چۈشكەن ياۋا غازلار .................... سۇڭ ليەن (71)
قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل .................... ليۇ جى (72)
يولۋاس شەكلىدە كۆرۈنۈش .................... ليۇ جى (73)
يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش .................... ليۇ جى (75)
يىلان يېيىش .................... ليۇ جى (76)
مايمۇن باققۇچىنىڭ ئاقىۋىتى .................... ليۇ جى (76)
كۆز بويىماق .................... ليۇ جى (78)
ئاپەتنىڭ نىگىزى چاشقان .................... ليۇ جى (78)
چاڭ ياڭنىڭ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشى .................... ليو جى (79)
ئارزاڭ ئوغرىلاش .................... ليۇ جى (80)
غار ـ غار ئۆردەكنىڭ تۇزاقتا چۈشۈشى .................... گېڭ دىڭشياڭ (81)
توزنىڭ قانتىنى ئايىشى .................... گېڭ دىڭشياڭ (82)
ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇش .................... ليۇ يۈەنچىڭ (82)
كۇچۇكنىڭ ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇشى .................... ليۇ يۈەنچىڭ (83)
كېمە ھەيدەشنى ئۆگىنىش .................... ليۇ يۈەنچىڭ (84)
گۇمان ئىشەنچنى يوقىتار .................... ليۇ يۈەنچىڭ (84)
كۇلكىلىك نەنچىلىكلەر .................... ليۇ يۈەنچىڭ (85)
ھىيلىگەر بالىنىڭ ئاموت ئوغرىلىشى .................... ليۇ يۈەنچىڭ (86)
ئورانگۇتاننىڭ مەي ئىچىشى .................... ليۇ يۈەنچىڭ (87)
جاھىلنىڭ دادىسىنى تونۇشى .................... ليۇ يۈەنچىڭ (88)
تالىشىش .................... ليۇ يۈەنچىڭ (90)
مۇشۇك .................... ليۇ يۈەنچىڭ (91)
جايىغا چۈشمىگەن تەكەللۇپ .................... ليۇ يۈەنچىڭ (92)
جىڭدىچى قۇشنىڭ دورامچىلىقى .................... جۇاڭ يۈەنچېن (93)

تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى .................. جۇاڭ يۈەنچېن (93)

دوكنى داۋالاش .................................. جياڭ يىڭكې (94)

چاندۇرمايمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇش ............ جياڭ يىڭكې (95)

ئۆمۈچۈك بىلەن پىلە قۇرتى ...................... جياڭ يىڭكې (96)

شەپەرەڭ ........................................ فېڭ مېڭلوڭ (97)

تەرىقەت يولىدىن چىقىش ........................ فېڭ مېڭلوڭ (98)

مۈشۈكنىڭ چاشقانغا ئۆمۈر تىلىشى ................................ (99)

ياۋا ئۆردەك بىلەن توشقان ئوۋلاش .............. فېڭ مېڭلوڭ (99)

ياچىۋەك بىلەن يىلان ............................ پۇ سوڭلىڭ (100)

ئۆردەك ئوغرىسىنى تىللاش ........................ پۇ سۇڭلىڭ (101)

ئىككى پادىچى ................................... پۇ سۇڭلىڭ (102)

فۇ شيەن ............................................ جى يۈن (103)

چوڭ چاشقان ..................................... پۇ سۇڭلىڭ (104)

دۇنيادا ياخشى مۈشۈك يوق ........................... لې جۈن (105)

# ئوخشىتىش

## «مېڭزى»

پادىشاھ لياڭ خۇي مېڭزىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ... قوشنا ئەلنىڭ سىياسىتىگە قارىڭە، ئۇلار پۇقرالارغا مەندەك كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ نوپۇسى كېمىيىپ كەتمىدى، بىزنىڭ نوپۇسىمىز كۆپىيىپ كەتمىدى دېسە.

مېڭزى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالىيلىرى ئۇرۇش قىلىشقا ئامراق، شۇڭا مەن سىلىگە ئۇرۇشنى مىسالغا ئېلىپ ئىككى ئەلنى سېلىشتۇرۇپ بېرەي. جەڭ دۇمباقلىرى گۈمبۈرلەپ ئىككى تەرەپ ئەمدىلا تۇتۇشقاندا، لەشكەرلەر ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى، قوراللىرىنى تاشلاپ قاچتى دەيلى، بەزىلىرى قېچىپ يۈز قەدەمدە توختىدى، بەزىلىرى ئەللىك قەدەمدە توختىدى. قېچىپ ئەللىك قەدەمدە توختىغان قاچاق لەشكەرلەر يۈز قەدەمدە توختىغانلارنى مازاق قىلسا،



سىلىنىڭچە قانداق بولار؟

— شۇمۇ گەپمۇ؟ قېچىپ ئەللىك قەدەمدە توختىغانلارنىڭ يۈز قەدەمگە يەتمەي توختىغانلا يېرى بار. بولمىسا ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جەڭ مەيدانىدىكى قاچاقلار، — دەپتۇ پادىشاھ لياڭ خۇي.

— ئالىيلىرى، بۇنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسىلا، پۇقرالارنىڭ قوشنا ئەلنىڭكىدىن كۆپ بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمىگەيلا !

## مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش

### «مېڭزى»

سۇڭ بەگلىكىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭغا زىرائەتلىرى تولىمۇ ئاستا ئۆسۈۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ - دە، ھەربىر تۈپ زىرائەت مايسىسىنى يۇقىرىغا تارتىپ ئۆستۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆيىگە ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كېلىپ:

— زىرائەتلىرىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەملىشىپ ئەجەب ھېرىپ كەتتىما، ئۇلارنى تارتىپ خېلى ئۆستۈرۈپ قويدۇم جۇمۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغلى يۈگۈرگىنىچە ئېتىزلىققا بېرىپتۇ، قارىسا، مايسىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالغانىكەن.

## ئەت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە

### «مېڭزى»

بىر كىشى كۈندە دېگۈدەك قوشنىسىنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلايدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭغا، بۇ ياخشى ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، دەرھال قول ئۈزگىن، دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — ئازراق ئوغرىلاي،

ھەر ئايدا بىرنى ئوغرىلاپ تۇرۇپ، يېڭى يىل كىرگەندە بىراقلا قول ئۈزەي.

قىلمىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال قول ئۈزسە بولمىدىمۇ، ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغا سۆرەپ نېمە قىلىدۇ؟

## جايىغا بېرىپ بوپتۇ ـ دە

### «مېغزى»

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم جېنىڭ بەگلىكىدىكى زىچەنگە بىر تىرىك بېلىق سوۋغا قىپتۇ. زىچەن كۆل باشقۇرىدىغان كىشىگە ئۇنى كۆلچەكتە بېقىشقا بېرىپتۇ. باشقۇرغۇچى ئۇنى قورۇپ يەۋاپتۇ ـ دە، زىچەنگە:

— ھېلى تېخى ئۇنى سۇغا سالغىنىمدا نىمجان ئىدى، بىردەمدىن كېيىنلا جان كىرىپ پىلتىڭلىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى، — دەپتۇ.

— جايىغا بېرىپ بوپتۇ ـ دە، جانىۋار ! جايىغا بېرىپ بوپتۇ ! — دەپ كېتىپتۇ زىچەن.

باشقۇرغۇچى ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— زىچەننىڭ نەرى ئەقىللىق، ئۇ بېلىقنى قورۇپ يەۋالغان تۇرسام، ئۇ ھەدەپ، جايىغا بېرىپ بوپتۇ ـ دە، جانىۋار، دەپ كېتىۋاتىدۇ، تووۋا ! — دەپتۇ.

## يىچيۇنىڭ شاھمات ئۆگىتىشى

### «مېغزى»

يىچيۇ ئەل ئىچىدە نامى بار قورشاۋ شاھماتچى ئىكەن. ئۇ ئىككى شاگىرت ئېلىپ ئۇلارغا قورشاۋ شاھمات ئويناشنى



ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

شاگىرتلارنىڭ بىرى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپتۇ، يەنە بىرى بولسا ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ناچار چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقلى كەمتۇكمىدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس.

## ئۇششۇك يارىسى مەلھىمى

### «جۋاڭزى»

سۇڭ بەگلىكىدە ئۇششۇك يارىسى مەلھىمىنى ياساشنى بىلىدىغان بىر ئۆيلۈك بار ئىكەن. مەشۇت يۇيۇش ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان كەسىپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇششۇك يارىسى مەلھىمى ياسىيالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بىرەيلەن يۈز سەر ئالتۇنغا ئۇ مەخپىي رېتسېپنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەشۇت يۇيىدىغان ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ: «ئەۋلادمۇئەۋلاد مەشۇت يۇيۇپ ئۇتتۇر ئوقەتچىلىكتىن نېرىسىغا ئۆتەلمىدۇق، يىل بويى ئىشلىسەكمۇ تاپقىنىمىز چاغلىق، ئۇنىڭدىن كۆرە مەخپىي رېتسېپنى يۈز سەر ئالتۇنغا سېتىپ مېغىزىنى چاقمايمىزمۇ» دېيىشىپتۇ.

ئۇ ئادەم رېتسېپنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ۋۇ

بەگلىكىگە ۋائىزلىقا بېرىپتۇ. ئۇ دەل يۆ بەگلىكى ۋۇ بەگلىكىگە تېگىش قىلىۋاتقان چاغ ئىكەن. ۋۇ بېگى ئۇنى لەشكەر تارتىپ يۆ بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

قەھرىتان قىشتا ئۇلار سۇ ئۇرۇشى قىپتۇ. ۋۇ بەگلىكى لەشكەرلىرى ئۇششۇك يارىسى مەلھەممىنى ئىشلەتكەچكە، ئۇششۇك يارىسى بولۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يۆ بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرىنى يېڭىۋاپتۇ. ۋۇ بېگى ئۇ كىشىگە چوڭ بىر پارچە يەر ئىنئام قىپتۇ.

ئۇششۇك يارىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەلھەممىنىڭ ياسىلىشى ئوخشاش، ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭدىن كاتتا ئىنئامغا ئېرىشتى، يەنى مەنسەپكە، يەرگە ئىگە بولدى؛ بەزىلەر بولسا ئۆمۈر بويى مەشۇت يۇيۇشتەك قىسمەتتىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇ دورىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكىدە.

## ئاشپەزنىڭ كالىنى پارچىلىشى

### «جۇاڭزى»

بىر ئاشپەز پادىشاھ لياڭ خۇيگە بوغۇزلانغان كالىنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ پىچىقى نەگە تەگسە، شۇ يەرنىڭ گۆشى سۆڭىكىدىن، سۆڭىكى ئۇگە ــ ئۇگىسىدىن ئاجراپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان پادىشاھ لياڭ خۇي:

ــــ پاھ، كارامەتقۇ بۇ ! قانداق بولۇپ ھۈنەردە بۇنچە كامالەتكە يەتتىڭ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

ئاشپەز پىچىقىنى قويۇپ تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ــــ مەن كالىنى پارچىلاشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم، ئۇنىڭ گۆشىنى گۆشچە، سۆڭىكىنى سۆڭەكچە ئايرىشقا پەم كېرەك. باشتا مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى تازا بىلەلمىگەنىدىم، ئۈچ يىلدىن كېيىن مېنىڭ كۆزۈمگە كالىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى

ئەمەس، ئۆگە ـ ئۆگىلىرى كۆرۈنمىگەن بولدى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، كالىنىڭ تېنى بىلەن كۆزۈم ئارقىلىق ئەمەس، غايىۋانە ئۇچرىشىمەن؛ سەزگۈلىرىمنىڭ رولى قالمىدى. ئەمدىلىكتە قولۇمنىڭ ھەرىكىتىگە تەبىئىي يوسۇندا روھىم قوماندانلىق قىلىدۇ. تومۇرلارنىڭ ئورنى، پەي ـ سىڭىرلار، بۇلجۇڭ گۆش ـ مۇسكۇللارنى پىچىقىم ئۆزى تونۇيدۇ، ھەرگىز خاتا ئۇرۇلمايدۇ، سۆڭەكلەرگىمۇ ئېزىپ ـ تېزىپ تېگىپ كەتمەيدۇ. ئۇستا ئاشپەز بىر يىلدا بىر قېتىم قىغىراق يەڭگۈشلەيدۇ. نائۇستا ئاشپەز ئايدا بىر قىغراق يەڭگۈشلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار گۆشنى چانايمەن دەپ سۆڭەكنى چاناپ سالىدۇ. قولۇمدىكى بۇ پىچاققا ئون توققۇز يىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ كالىنىڭ گۆشىنى پارچىلىدىم. لېكىن، پىچىقىم ھازىرلا چاقتىن چىققاندەك ئىتتىك، بىسى قايرىلغىنى يوق. كالىنىڭ ئومۇرتقا ـ بوغۇملىرىنىڭ ئارىسىدا ئارىلىق بولىدۇ، پىچىقىم بەكمۇ نېپىز، ھەربىر سۆڭەكنىڭ ئارىلىقىغا كىرىپ بىمالال ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. شۇڭا، ئون توققۇز يىل ئىشلەتكەن پىچىقىمنىڭ بىسى قايرىلغىنى يوق. شۇنداقتىمۇ، سۆڭەكلەرنىڭ تۇتاشقان يېرىگە كەلگەندە پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئېھتىيات بىلەن پىچاق سالىمەن. پىچىقىمنى ئۇيان ـ بۇيان يەڭگىل ھەرىكەتلەندۈرۈشۈمگىلا كالىنىڭ گۆشى گۆشچە، سۆڭىكى سۆڭەكچە ئىككى يانغا ئايرىلىدۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا قەددىمنى رۇسلاپ، پىچىقىمنى رازىمەنلىك بىلەن سۈرتۈپ يېنىمغا سالىمەن.

## ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت

### «جۇاڭزى»

گۈزەل شىشىنىڭ مەيدىسى ئاغرىغاچقا دائىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپلا يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بىر سەت ئايالغا بەك

چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇمۇ مەيدىسىنى تۇتۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن بايلار دەرۋازىسىنى چىڭ تاقاپ تالا - تۈزگە چىقماپتۇ؛ كەمبەغەللەر خوتۇنلىرىنىڭ يېڭىدىن تارتقىنىچە نېرى كېتىپتۇ.

## قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا

### «جۇاڭزى»

قۇدۇقتا ياشايدىغان پاقا شەرقىي دېڭىزدا ياشايدىغان تاشپاقىغا:

— مەن نېمىدېگەن شادىمان - ھە ! خالىسام قۇدۇق بېشىدىكى قاشانىڭ تۈۋىدە ئوينايمەن، خالىسام قۇدۇق تېمىدىكى كاماردا ئارام ئېلىپ ئۇخلايمەن، يا بولمىسا سۇ ئۈزۈپ، ياكى بولمىسا پاتقاق كېچىپ يايرايمەن. ئەتراپىمغا قارىسام، ئاشۇ پاشا لىچىنكىسى دەمدۇ، قىسقۇچپاقا دەمدۇ، كۇمۇتا دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھېچقايسىسى ماڭا يەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈم يالغۇز بىر كۆلچەك سۇغا ئىگە بولۇۋېلىپ خالىغانچە ئۈزۈپ، سەكرەپ ئوينايدىكەنمەن. بۇنداق خۇشاللىق ھەركىمگە نېسىپ



بولـىۋەرمەيدۇ. سـەن نىمـىشقا پـات ـ پـات كېلـىـپ قۇدۇقنـىـڭ ئىچىگە چۇشۇپ كۆرۈپ چىقىپ كەتمەيسەن؟ ـــ دەپتۇ.

تاشـپاقا ئـۇنـىڭ گىپـىـگە كـىـرىپ سول پـۇتـىنى شـۇنـداق ئۇزىتىشىغا ئوڭ پۇتى قىسىلىـپ قاپتـۇ. شۇنىڭ بـىلەن ئۇ ئـوڭ پۇتىنى مىڭ تەسلىكتە تارتىۋاپتۇ ـ دە، دېڭىزنى ماختاپ چۇشۇپ كېتىپتۇ:

ـــ دېڭـىـز دېگەن شۇنچىلىك بىپايانكى، چـېـتىگە كـۆزۈڭ يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ھېچنېمە توغرا كـەلمەيدۇ. دايـۇ دەۋرىـدە ئون يىلـىـڭ تـوقـقـۇزىدا ھـۆل ـ يـېغىـن ئـاپـتـى يـۈز بەرسىمـۇ دېڭىز تـېشىپ كـەتمىگـەن؛ شاڭتاڭ دەۋرىـدە سەككىـز يـىلنـىـڭ يەتتىـسىدە قۇرغـاقچىلـىق بولغـاندىمـۇ دېـڭىز سـۇيـى تارتىلىپ كەتـمىگەن. ۋاقـىتنىـڭ ئۇزۇن ـ قىسـقىلىـقى ئۇنـىـڭ سۇيىدە ئۆزگىـرىش ھاسىل قىلالمىغان بولسا، ھۆلچىـلىك ياكـى قۇرغاقچىـلىقمۇ ئۇنـىڭغا تەسىر قىلالـمىغـان. بـۇمۇ شەرقـىي دېڭىزدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ئەمەسمۇ!

قـۇدۇقتىكـى پاقا ئۇنـىڭ گىپـىنى ئـاڭلاپ ھەيرانـلـىقتىـن ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. سـېلىشـتۇرۇپ بېقـىپ ئۆزىـنـى تولـىمـۇ ئەرزىمەس ھـېس قـىپـتۇ ۋە خۇددى بـىـرنېمـىـسىنى يـوقـىتىـپ قويغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

## لۇخۇنىڭ قۇش بېقىشى

### «جۇاڭزى»

بۇرۇن بـىـر دېڭـىـز قـۇشى لۇ بـەگـلىكـىـنىڭ تـەۋەلـىكىگـە قونۇپتۇ. لۇ خۇ ئۇنىڭ ئالـدىغا ئۆزى چـىقىپـتۇ، ئىبـادەتخانـىدا كاتتا سورۇن تـەييارلـىـتىپ ئۇنى كۇتۇۋاپتـۇ. ھەر خىل نـازۇ ـ نېمەتـلەرنى كۆرۈپ، ئـاجايىپ مـۇڭلۇق مـۇزىكىلارنى ئـاڭلاپ دېڭـىـز قـۇشـى ئەس ـ ھـوشـىـنى يـوقـاتقىلـى قـىل قـاپـتـۇ،

قورققىنىدىن بىر ەر توغرامچە گۆش يېيىشكىنمۇ، بىر ەر قەدەھ ھاراق ئىچىشكىنمۇ جۇرئەت قىلالماپتۇ. يېمەي ـ ئىچمەي ئۈچ كۈن بولدى دېگەندە، ئۇ قۇش ئۆلۈپ قاپتۇ.

مانا بۇ، قۇشنى قۇشتەك باقماستىن ئادەمدەك باقانلىقنىڭ ئاقىۋىتى.

## سۇغا تەشنا بېلىق

### «جۇاڭزى»

جۇاڭ جۇ (جۇاڭزى) بەك نامرات بولغاچقا، جيەن خېخۇنىڭ قېشىغا ئازراق ئاشلىق بېرىپ تۇرساڭ، دەپ بېرىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ جيەن خېخۇ، — يىل ئاخىرىدا يۇقىرىلاردىن سېلىق يىغىدىغان ۋاقىتقىمۇ ئاز قالدى. شۇ چاغدا، مەن ساڭا ئۈچ يۈز جىڭ ئاشلىق بېرىپ تۇراي، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جۇاڭ جۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— تۈنۈگۈن يولدا كېتىۋاتسام بىرى چاقىرغاندەك قىلدى، قارىسام ھارۋا چاقىنىڭ ئىزىدا بىر بېلىق ياتىدۇ. مەن ئۇنىڭ-دىن: «سەن نېمە قىلىدىغان بې-لىق؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىد-سەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مەن شەرقىي دېڭىز پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارى. سەن بىر ەر داس سۇ بىلەن بولسىمۇ مېنى قۇت-قۇزۇۋالماسەنمۇ؟» دەپ ئىلتى-جا قىلدى. مەن ئۇنىڭغا: «بولى-دۇ، مەن جەنۇبقا يۆ بەگلىكىگە ۋائىزلىققا كېتىۋاتىمەن. مەن



ئۇلارغا دەپ قويپاي. ئۇلار شىجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ سېنى قۇتقۇزۇۋالسۇن» دېدىم. ئۇ ئاچچىقتىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا: «سۇدىن ئايرىلىپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالدىم، ئازراقلا سۇ بولسا تىرىك قالاتتىم. سەن ھەرنېمە قىلىپ ئازراق سۇ تېپىپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭ ئورنىغا، نەدە ئاقمايدىغان قۇرۇق گەپنى قىلىپ ۋاقىتنى زايە قىلىۋاتىسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، مېنى بېلىق قېقى ساتىدىغان پەشتاختىدىن تېپىۋالە!» دېدى.

## بيەنچۆنىڭ كېسەل داۋالىشى

### «خەنفېيزى»

بيەنچۆ سەي بەگلىكىدىكى خۇەن بېگىمنى يوقلىغىلى بېرىپ:

— تېرىڭىزدە كىچىككىنە كېسەللىك پەيدا بوپتۇ، ۋاقتىدا داۋالاتمىسىڭىز، كېسەل ئىچىڭىزگە چوشۇپ كېتەرمىكىن، — دەپتۇ.

خۇەن بېگىم ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماستىن:

— مەندە كېسەل يوق، — دەپتۇ.

بيەنچۆ گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

— مۇشۇ تېۋىپ خەقزە، ساپساق ئادەملەرنى سەندە كېسەل بار دەپ داۋالاپ پۇل تاپىدۇ، — دەپتۇ خۇەن بېگىم بيەنچۆ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە، بيەنجۆ ئۇنى يەنە يوقلاپ كەپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ:

— كېسىلىڭىز گۆش بىلەن تېرىنىڭ ئارىلىقىغا كۆچۈپتۇ، ئەمدى داۋالاتمىسىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپ خۇەن بېگىمنىڭ قۇلىقىغا يەنىلا خۇشياقماپتۇ.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ بيەنچۆ ئۇنى يەنە يوقلاپ كەپتۇ.

— كېسىلىڭىز ئەمدى ئاشقازىنىڭىز بىلەن ئۈچەيىڭىزگە يامراپتۇ، ئەمدى داۋالاتمىسىڭىز، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئۇ يەنە.

بۇ قېتىم خوەن بېگىمنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپتۇ.

ئارىدىن يەنە ئون كۈن ئۆتكەندە بيەنچۆ يەنە كەپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم خوەنفۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. خوەنفۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ نېمىشقا قاچقانلىقىنى سوراپتىكەن، بيەنچۆ:

— كېسەل تېرىدىكى چاغدا تېرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە ساقىيىپ كېتەتتى؛ كېسەل ئېغىرلىشىپ گۆش بىلەن تېرىنىڭ ئارىلىقىغا چۆكۈۋالغاندا، يىڭنە بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولاتتى؛ ھەتتا ئاشقازان ـ ئۈچەي يولىغا چۈشۈۋالغاندىمۇ نەچچە بولاق دورا ئىچسىلا ساقىيىپ كېتەتتى. ئەمدى كېسەل يىلىككە ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا، ئەزرائىلنى كۈتمەكتىن ئۆزگە چارە يوق. ساقايتىش تېۋىپنىڭ قولىدىن كېلىدىغان پۇرسەت كېتىپ قالدى. ھالا بۈگۈنكە كەلگەندە، بېگىمنىڭ كېسىلى يىلىككە يەتكەندە بارغىنىمنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، شۇڭا كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا ياندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## كۆڭلى ئاتتا بولماسلىق

### «خەنفېيزى»

جاۋ شياڭ خان ۋاڭلىيەتكە يۈچىدىن ھارۋا ھەيدەشنى ئۆگىنىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇ ۋاڭلىيەت بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. مۇسابىقە جەريانىدا ئۇ ئۈچ قېتىم ئات ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا ۋاڭلىيەتنىڭ كەينىدە قاپتۇ. جاۋ شياڭ خان ئاغرىنغان ھالدا:

— ماڭا هارۋا ھەيدەشنى ئۆگەتكۈچە ھەممە ھۈنىرىڭنى ئۆگەتمەيسەن، مۇھىممنى قورسىقىڭدا ئېلىپ قاپسەن، — دەپتۇ.
ۋەلىئەھد يۇچى ئۈنىڭغا:
— ھۈنىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتىم، ئەمما سىز ئىشلىتىشنى بىلمىدىڭىز. هارۋا ھەيدەشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، هارۋىغا قاتقان ئاتلارنى تەڭشەپ، بەھۇزۇر ھەيدەش، هارۋا ھەيدىگەن كىشىنىڭ دىققىتى ئاتلاردا بولۇش. شۇ چاغدىلا تېز ھەيدىگىلى، يىراقلا ھەيدىگىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە كەينىمدە قالسىڭىز، ماڭا يېتىشىۋېلىشنىڭلا كويىدا بولدىڭىز، ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتسىڭىز، مېنىڭ يېتىشىۋېلىشىمدىن ئەنسىرەپ دەككە – دۈككىگە چۈشۈپ قالدىڭىز. ئەمەلىيەتتە، هارۋا ھەيدەش مۇسابىقىسىدە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ياكى كەينىدە قېلىش نورمال ئەھۋال. سىز مەيلى ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىڭ ياكى ئارقىدا قېلىڭ، پۈتۈن دىققىتىڭىزنى ماڭىلا قاراتتىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئات ئەمەس، مەنلا بولدۇم. مانا بۇ كەينىدە قېلىشىڭىزدىكى سەۋەب، — دەپتۇ.

## سۇ يىلىنىنىڭ ئەۋلىيا بولۇشى

### «خەنفېيزى»

كۆل قوروپ كەتكەچكە سۇ يىلانلىرى باشقا كۆلگە كۆچمەكچى بوپتۇ. كىچىك سۇ يىلىنى چوڭ سۇ يىلىنىغا مۇنداق دەپتۇ:
— سىز ئالدىدا، مەن كەينىدە ماڭسام، ئۆتكەن – كەچكەنلەر بىزنى ئادەتتىكى سۇ يىلانلىرىكەنغۇ، دەپ قالىدۇ – دە، قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، سىز مېنى ھاپاش قىلىپ ماڭسىڭىز، كۆرگەنلەر مېنى ئەۋلىيا يىلان ئىكەن، دەپ قالىدۇ – دە، بىزگە چوقۇنىدۇ.



شۇنىڭ بىلەن كىچىك سۇ يىلىنى چوڭ سۇ يىلىنىنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ ئۇنى چىشلەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. چوڭ سۇ يىلىنى كىچىك سۇ يىلىنىنى يۈدۈگىنىچە كوچىدىن بەخىرامان ئۆتۈپتۇ. دېگەندەكلا، ئۇلارنى كۆرگەن ئادەملەر دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يول بوشىتىپتۇ ۋە:

— كۆردۈڭلارمۇ، ئەۋلىيا يىلاننى، ئۇ ئەۋلىيا يىلان ئىكەن، يىلانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.

## تەپكەك ئاتنى تونۇش

**«خەنفېيزى»**

بولې ئىككى ئادەمگە تەپكەك ئاتنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن بىرلىكتە ئەمەلىيەتنى كۆرگىلى جاۋ جيەنزىنىڭ ئاتخانىسىغا بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن، مۇشۇ ئات تەپكەك، دەپ بىر ئاتنى كۆرسىتىپتۇ؛ يەنە بىرەيلەن ئۇ ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ ساغرىسىنى ئۇنداقمۇ سىلاپ بېقىپتۇ، بۇنداقمۇ سىلاپ بېقىپتۇ، ئەمما ئۇ ئات تەپمەپتۇ. ئۇ ئاتنى تەپكەك دېگەن كىشى خاتا ھۆكۈم قىلغان ئوخشايمەن، دەپ قاپتۇ.

ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ساغرىسىنى سىلىغان كىشى ئۇنىڭغا:

— خاتالاشمىدىڭىز. بۇ ئاتنىڭ تاغىقى قايرىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ئالدى پۇتىنىڭ تىزىمۇ ئىششىپ قاپتۇ. تەپكەك ئاتلار كەينى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تەپمەكچى بولغاندا، پۇتۇن بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى ئالدى پۇتىغا چۈشىدۇ. بۇ ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ تىزى يارىلانغاچقا كۆپىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئات كەينى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئادەمنى تېپەلمىگەن گەپ. سىز تەپكەك ئاتنى پەرق قىلالىغانىڭىز، ئۇنىڭ تىزىدىكى ئىششىقنىڭ كەينى پۇتىغا تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن، — دەپتۇ.

## چىلان دەرىخىنىڭ تىكىنىگە چىشى مايمۇننى ئويۇش

### «خەنفېيزى»

يەنۋاڭ ئالاھىدە ھۈنىرى بار ئادەملەرنى يىغماقچى بوپتۇ. ۋېي بەگلىكىلىك بىر ئادەم ئۆزىنى مەن چىلان دەرىخىنىڭ تىكىنىگە چىشى مايمۇننى ئويالايمەن، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. يەنۋاڭ بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ ھەم ئۇنى ئوردىسىدا بېقىپتۇ. بىر كۈنى يەنۋاڭ:

— ئويغان چىشى مايمۇننى كۆرۈپ باقسام بوپتىكەن، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم:

— ئالىيلىرى، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالتە ئاي ھەرەمگە كىرمەسلىكلىرى، ھاراق ئىچمەسلىكلىرى، گۆش يېمەسلىكلىرى ۋاجىپتۇر. يەنە كېلىپ ئۇنى يامغۇردىن كېيىن كۈنچىقىش ئالدىدا، يورۇقمۇ ئەمەس، قاراڭغۇمۇ ئەمەس شۇ دەقىقىدە كۆرەلەيلا، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يەنۋاڭ ئۇنى داۋاملىق بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئەمما چىشى مايمۇننىڭ ئويمىسىنى كۆرۈشكە زادى مۇۋەپپەق بولالماپتۇ.

جىلىڭ بەگلىكىدە تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان بىر ئادەم كېلىپ يەنۋاڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، مەن خەنجەر ـ پىچاق سوقىمەن. ھەرقانچە كىچىك نەرسىنىمۇ قەلەمتىراچ بىلەن يونۇپ ياسايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن يونۇپ ياسىماقچى بولغان نەرسە چوقۇم قولۇمدىكى قەلەمتىراچنىڭ بىسىدىن چوڭ بولۇشى كېرەك. چىلان دەرىخىنىڭ تىكىنى قەلەمتىراچنىڭ بىسىدىنمۇ كىچىك تۇرسا، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ چىشى مايمۇننىڭ ئويمىسىنى ئويغىلى بولسۇن؟ شۇڭا، سىلى ئۇنىڭ ئويما ئويىدىغان پىچىقىنى كۆرۈپ باقسىلا، شۇ چاغدىلا بۇ ئىشنىڭ روياپقا چىقىدىغان ـ چىقمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايلا.

— بارىكاللا ! — دەپتۇ يەنۋاڭ ۋە ھېلىقى كاززاپنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراپتۇ، — سەن چىلان دەرىخىنىڭ تىكىنىگە مايمۇننى نېمە بىلەن ئويىسەن؟

— كىچىك پىچاق بىلەن، — دەپتۇ ئۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن شۇ پىچىقىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ يەنۋاڭ.

— سەل تەخىر قىلسىلا، پىچىقىم ئۆيدە قاپتىكەن، بېرىپ ھۇزۇرلىرىغا ئەكېلەي، — دەپتۇ كاززاپ، ئاندىن غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ.

## ساندا بار، ساپادا يوق

### «خەنفېيزى»

چىشۈەن خان نەي ئاڭلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىكەن، دائىم ئۈچ يۈز نەيچىنى تەڭ چالدۇرۇپ ئاڭلايدىكەن. نەنگو ئەپەندى ئۇنىڭدىن قاتارغا قوشۇلۇپ نەي چېلىشنى تەلەپ قىپتىكەن، ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەيچىلەر بىلەن

ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. چىشۇەن خان ئۆلگەندىن كېيىن مىنۋاڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ نەينى كوللېكتىپ چالدۇرۇپ ئاڭلاشقا ئەمەس، ئايرىم ـ ئايرىم چالدۇرۇپ ئاڭلاشقا ئامراق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن نەنگو ئەپەندى قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ.

## قۇتىسىنى ئېلىپ، مەرۋايىتىنى قايتۇرۇپ بېرىش

### «خەنفېيزى»

ۋۇ بەگلىكىدىن بىر ئادەم جېڭ بەگلىكىگە مەرۋايىت ساتقىلى بارماقچى بوپتۇ. ئۇ ماگنولىيە ياغىچىدىن قۇتا ياساپتۇ، قۇتىنى كاۋاۋىچىن ۋە دارچىن بىلەن ئىسلاپ خۇش پۇراق قىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەر خىل ياقۇت، قىممەت باھالىق تاشلاردىن كۆز قويۇپتۇ.

جېڭ بەگلىكىدىكى بىر ئادەمنىڭ قۇتىغا كۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە، ئىچىدىكى مەرۋايىتنى ئالماي قۇتىنى ئاپتۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ قۇتىنىڭ ۋال ـ ۋۇل تاشقى قىياپىتىنىلا تونۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكى.

## جىن سىزىش ھەممىدىن ئاسان

### «خەنفېيزى»

بىر مېھمان چى بېگىگە رەسىم سىزىپ بەرمەكچى بوپتۇ. چى بېگى ئۇنىڭدىن:

ـــ نېمىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ھەممىدىن قىيىن؟ ـــ دەپ سوراپتىكەن، ئۇ مېھمان:

ـــ ئىت بىلەن ئاتنىڭ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چى بېگى ئۇنىڭدىن يەنە:



— نېمىنى سىزىش ھەممىدىن ئاسان؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ مېھمان مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— جىن - شاياتۇنلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ھەممىدىن ئاسان. ئىت بىلەن ئاتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى خالىغانچە سىزغىلى بولمايدۇ، ئوخشىتىپ سىزىشمۇ تەس. جىن - شاياتۇن دېگەنلەرنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇقىم شەكلى يوق. ئۇلارنى ئۇنداق سىزساقمۇ، بۇنداق سىزساقمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇڭا، جىن - شاياتۇنلارنى سىزىش ھەممىدىن ئاسان.

## زېڭ زىنىڭ چوشقا سويۇشى

### «خەنفېيزى»

زېڭ زىنىڭ خوتۇنى بازارغا جابدۇپتىكەن، بالىسى يىغلاپ ئەگىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىسىغا:

— يىغلىما، مەن بازاردىن يانغاندا، ساڭا چوشقا سويۇپ بېرىمىز، — دەپتۇ.

خوتۇنى بازاردىن يېنىشىغىلا زېڭ زى چوشقا سويۇشقا تۇتۇش

قىپتۇ. خوتۇنى:

— مەن بالىمىزنى گوللاپ شۇنداق دەپ قويغان، — دەپ زىلىڭ زىننىڭ قولىغا ئېسىلىۋاپتۇ.

— بالىنى گوللاشقا بولمايدۇ، ئۇلار تېخى ئاق - قارىنى پەرق قىلالمايدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى، گەپ - سۆزلىرىدىن ئۆگىنىدۇ. سەن لەۋزىڭدە تۇرماي ئۇنى ئالدىساڭ، ئۇنىڭغا ئالدامچىلىقنى ئۆگەتكەن بولىسەن. ئانىسى ئالدىغان بالا ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىنى ئالداپ تەربىيىلەش ياخشى ئەمەس، — دەپتۇ زىلىڭ زى ۋە چوشقىسىنى سويۇپ گۆشىنى قازانغا بېسىپتۇ.



## بويۇنتۇرۇقنى تونۇماسلىق

«خەنفېيزى»

جىڭ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم بىر بويۇنتۇرۇق تېپىۋاپتۇ. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كىشىدىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتىكەن، ئۇ كىشى:

— بۇ دېگەن بويۇنتۇرۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئاربدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە بويۇنتۇرۇق تېپىۋاپتۇ ـ دە، يەنە ھېلىقى كىشىدىن:
— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ دېگەن بويۇنتۇرۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.
سورىغان ئادەم ئاچچىقىدا قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ.
— ئۆتكەن قېتىمقىنىمۇ بويۇنتۇرۇق دەۋاتاتتىڭ، بۇنىمۇ بويۇنتۇرۇق دەيسەن، نەدىن كەلگەن شۇنچە جىق بويۇنتۇرۇق ! سەن مېنى كولدۇرلىتىۋاتىسەن ! — سوئال سورىغان ئادەم شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ھېلىقى كىشى بىلەن مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ.

## غالجىر ئىت بىلەن ھاراق

«خەنفېيزى»

سۇڭ بەگلىكىدە ھاراق ساتىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ سودىدا ئادىل، خېرىدارلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدىغان، ھارىقىنىڭمۇ تەمى ياخشى ئادەم ئىكەن، شۇغىنىسى ئۇنىڭ ھارىقىنىڭ بازىرى چىقماي بىسىلىپ قېلىپ ئېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، ياڭ چىڭ ئىسىملىك بىر مويسىپىتتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.
— ئىتىڭ بەك غالجىر، — دەپتۇ مويسىپىت ئۇنىڭغا.
— ئىت غالجىر بولسا ھاراق نېمىشقا سېتىلمايدۇ؟ — قايتۇرۇپ سوراپتۇ مەيپۇرۇش.
— كىشىلەر غالجىر ئىتتىن قورقىدۇ ئەمەسمۇ. بەزىلەر ھاراق ئەكېلىشكە بالىلىرىنى بۇيرۇيدۇ، ئۇ بالىلار بۇ يەرگە كەلسە ئىتىڭ ئېتىلىپ چىشلەيدۇ. مانا بۇ ھارىقىڭنىڭ سېتىلماي ئېچىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مويسىپىت.

## ئاياغ سىتىۋېلىش


### «خەنفېيزى»

جىېڭ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم ئاياغ سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ پۇتىنى ئۆلچەپ، ئۆلچىگەن يىپنى شۇ جايدا ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ بازارغا بېرىپ ئالىدىغان ئايىغىنى تاللاپ بولۇپ يىپنى ئاختۇرسا پۇتىنى ئۆلچىگەن يىپ يوقمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ھە، ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن ـ دە» دەپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ پۇتىنىڭ ئۆلچىمىنى ئېلىپ يەنە بازارغا كەلگۈچە، بازار تارقاپ بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا:
— ئۇنداق جاپا تارتقۇچە ئاياغنى پۇتۇڭغا كىيىپ باقساڭلا بولمىدىمۇ؟ — دەپتىكەن، ئۇ:
— مەن پۇتۇمنى ئۆلچىگەن يىپقا ئىشىنىمەنكى، پۇتۇمغا ئىشەنمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بىر ـ بىرىگە زىت كېلىش

### «خەنفېيزى»

چۇ بەگلىكىدە قالقان بىلەن نەيزە ساتىدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. «مېنىڭ قالقىنىم شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى، ئۇنى ھېچقانداق قورال ـ ياراغ تېشەلمەيدۇ» دەپ قالقىنىنى ماختاپ ساتسا، «مېنىڭ نەيزەم شۇنچىلىك ئۆتكۈركى، ھەرقانداق مۇستەھكەم قالقاننىمۇ تېشىۋېتەلەيدۇ» دەپ نەيزىسىنى ماختايدىكەن.
بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن:
— سېنىڭ نەيزەڭنى قالقىنىڭغا ئۇرۇپ باقسا قانداق



بولار؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ.

شۇ ئەمەسمۇ، ھېچنېمە تېشىپ ئۆتەلمەيدىغان قالقان بىلەن ھەرقانداق مۇستەھكەم قالقاننى تېشىۋېتەلەيدىغان نەيزە قانداقمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟

## كۆتەك تۈۋىدە توشقان پايلاش

**«خەنفېيزى»**

سۇڭ بەگلىكىدە بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئېتىزىدا يوغان بىر كۆتەك بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېتىزىدا ئىشلەۋاتسا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توشقان ئۆزىنى توختىتالماي كۆتەككە ئۇسۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. دېھقان بېرىپ توشقاننى موككىدە ئېلىۋاپتۇ. تەييار ئامەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان دېھقان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاشلاپ، كۆتەككە ئۇسۇپ ئۆلۈپ بېرىدىغان توشقاننى ساقلاپ كۆتەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە تەلمۈرسىمۇ، كۆتەككە ئۇسۇپ ئۆلۈپ بېرىدىغان توشقاندىن بىرىمۇ كەلمەپتۇ. ئەكسىچە، بۇ دېھقان سۇڭ بەگلىكىدىكى كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىدىغان ئادىمىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

## قوشنىسىنى ئوغرى تۇتۇش

### «لۇ بوۋېي يىلنامىسى»

بىر ئادەمنىڭ پالتىسى يىتىپ كېتىپتۇ. ئۇ قوشنىسىنىڭ ئوغلىدىن گۇمان قىپتۇ. ئۇ قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ مېڭىشلىرىدىن تارتىپ چىرايىغىچە، گەپ - سۆزلىرىدىن قىلىقلىرىغىچە پالتا ئوغرىسىدەك بىلىنىپتۇ.

كېيىن ئۇ پالتىسىنى ئېرىقنىڭ ئىچىدىن تېپىۋاپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئۇچراپتىكەن، قارىسا ئۇنىڭ مېڭىشلىرىدىن تارتىپ چىرايىغىچە، گەپ - سۆزلىرىدىن تارتىپ قىلىقلىرىغىچە پالتا ئوغرىسىدەك بىلىنمەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، قوشنىسىنىڭ ئوغلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقىدىن قوشنىسىنىڭ بالىسى كۆزىگە پالتا ئوغرىسىدەك كۆرۈنگەن، گۇمانى يېشىلگەندىن كېيىن ئۇنداق كۆرۈنمىگەن گەپ.

## بەلگە سىلىپ قويۇپ سۇدىن ئۆتۈش

### «لۇ بوۋېي يىلنامىسى»

چۇ بەگلىكى سۇڭ بەگلىكىگە تېگىش قىلماقچى بولۇپ دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ بەلگە سىلىپ قويۇشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئادەم بەلگە سىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇ يۈزى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىپتۇ. بۇنى چۇ بەگلىكىدىكىلەر بىلمەپتۇ. ئۇلار ئەسلىدىكى بەلگە بويىچە كېچىسى دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتىكەن، بىرەر مىڭچە لەشكىرى

سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. پۈتۈن قوشۇن ئۆرتۆپە بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە بۇرۇن سىلىنغان بەلگە بويىچە بولغاندا، ئۇلار دەريادىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتەتتىكەن؛ ھازىر دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتكەچكە، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇرۇن سىلىنغان بەلگە بويىچە دەريادىن ئۆتكەچكە، نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلغانىكەن.

## كېمىگە بەلگە سىلىش

### «لۈ بوۋېي يىلنامىسى»


چۇ بەگلىكىلىك بىر ئادەم دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا خەنجىرى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم: «خەنجىرىم مانا مۇشۇ يەردىن چۈشۈپ كەتكەن» دەپ دەرھال كېمىگە بەلگە سايتۇ. «ھايت ـ ھۇيت» بىلەن كېمىنى توختاتقۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كېمە توختىغاندىن كېيىن ئۇ بەلگە سىلىنغان يەردىن سۇغا چۈشۈپتۇ.

كېمە ئۇزاپ خېلى يەرگە كەتكەن، خەنجەر چۈشكەن يېرىدىن مىدىرلىمايدىغان تۇرسا، بۇ خىل ئۇسۇلدا خەنجەر ئىزلەش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ !

## كۆزگە ئالتۇندىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەسلىك

### «لۈ بوۋېي يىلنامىسى»

چي بەگلىكىدىكى بىر ئادەم ئالتۇنغا ئىگە بولۇشنىڭلا كويىدا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ ئالتۇن بازىرىغا بېرىپ سەرراپىنىڭ ئالدىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، «كاپ» قىلىپ بىرمۇنچە ئالتۇننى ئېلىۋاپتۇ.



لەشكەرلەر كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ باغلاپتۇ. لەشكەر باشلىقى ئۇنىڭغا:

— شۇنچە خەق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرسا تەپ تارتماي خەقنىڭ ئالتۇنىنى بۇلاۋاتىسىنا؟ — دەپتىكەن، ئۇ:

— كۆزۈمگە ئالتۇندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىسە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## باشقىلارنىڭ چاپىنىغا ئېسىلىۋېلىش

### «لۇ بوۋېي يىلنامىسى»

سۇڭ بەگلىكىدىكى دېڭزى ئىسىملىك بىر ئادەم قارا رەڭلىك چاپىنىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ قارا چاپان كىيگەن بىر ئايالنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قېشىغا بېرىپ:

— مەن مۇشۇنداق قارا چاپىنىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، چاپىنىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋاپتۇ.

— قارا چاپاننىڭ ھەممىسىلا سىنىڭ بولامدۇ؟ ئۇچامدىكى بۇ چاپاننى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىككەن تۇرسام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئايال.

— تولا سۆزلىمەي چاپاننى سالغىنا، مىنىڭ يىتتىۋرگىنىم قوش ئەستەرلىك چاپان ئىدى. سىنىڭ چاپىنىڭ يالاڭ ئەستەر ئىكەن. قوش ئەستەرلىك چاپاننىڭ ئورنىغا يالاڭ ئەستەرلىك چاپاننى بېرىپ قۇتۇلساڭ، مەندىن خېلى پايدا ئالغان بولمامسەن ! — دەپتۇ دېڭزى.

## لىچيۇلۇق ئاتا

### «لۇ بوۋېي يىلنامىسى»

لياڭ بەگلىكىنىڭ شىمالىدا لىچيۇ دېگەن بىر يەر بار ئىكەن. بۇ يەردە ھەر خىل ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرەلەيدىغان بىر جىن بار ئىكەن.

شۇ يەرلىك بىر مويسىپىت بازارغا بېرىپ مەي ئىچىپ مەست ھالەتتە ئۆيىگە كېتىۋاتسا، ھېلىقى جىن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ كېلىپ ئۇنى يۆلەپتۇ، ئاندىن مويسىپىتنى ئەخمەق قىلىپ ئويناپ كۆڭلىنى ئېچىپ، مويسىپىتنىڭ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ.

مويسىپىت ئۆيىگە كېلىپ مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن ئوغلىنى تىللاپ كېتىپتۇ:

— مەن سېنىڭ داداڭمۇ، ئەمەسمۇ، مەن سېنى قانچىلىك مېھرىم بىلەن باقتىم، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەست بولۇپ قالسام يولدا كەلگۈچە قىيناپ ھالىمنى قويمىدىڭ، ئاشۇنداق تۇزكورلۇق قىلىشتىكى مەقسىتىڭ زادى نېمە؟

ئوغلى يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ كېتىپتۇ:

— گۇناھقۇ بۇ، گۇناھ ! ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمىدىم، ئاتا. تۈنۈگۈن مەن دۇڭشياڭ كەنتىگە قەرز سوّيلەپ كەتكەنتىم، ئىشەنمىسىڭىز سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ ۋە:

— ھە، بۇ ھېلىقى جىننىڭ قىلغان ئىشى ئىكەن - دە! بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى مەن خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان، — دەپتۇ.

ئەتىسى مويسىپىت ئاتايىن بازارغا بېرىپ مەي ئىچىپ، قايتقۇچە جىن يەنە ئۇچرىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ.

مويسىپىت سەھەردىلا بازارغا بېرىپتۇ ۋە غەرق مەست بولغۇچە ئىچىپتۇ. ئوغلى ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلىشىدىن ھەم ھېلىقى جىننىڭ ئاتىسىنى يەنە ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئوغلىنى كۆرگەن مويسىپىت ئۇنى جىن دەپ قاپتۇ - دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

## قولىقىنى ئېتىۋېلىپ تۇرۇپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش

### «لۈ بوۋېي يىلنامىسى»

جىن بەگلىكىنىڭ ئاقسۆڭەكى خەنشى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قېچىپتۇ. بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلانغان بىرى قوڭغۇراقنى ئوغرىلاپ قاچماقچى بوپتۇ. لېكىن، قوڭغۇراق بەك ئېغىر بولغاچقا ئۇ يۈدۈپ ماڭالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوڭغۇراقنى پارچىلاپ ئېلىپ ماڭماقچى بوپتۇ. ئۇ قوڭغۇراققا بولقىنى ئۇرۇشىغا، قوڭغۇراقتىن بەكمۇ كۈچلۈك ئەكس سادا ياڭراپتۇ. ئۇ بۇ ئاۋازنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىپ قوڭغۇراقنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھاپىلا - شاپىلا قولىقىنى چىڭ ئېتىۋاپتۇ.


قوڭغۇراق ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قولىقىنى ئۆزى ئېتىۋېلىپ، مەن ئاڭلىمىساملا باشقىلارنى ئاڭلىمايدۇ دەپ ئويلاش تولىمۇ ئەخمەقلىق.

## ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش

### «لۈ بوۋېي يىلنامىسى»

لۈ بەگلىكىدە گۇڭ سۇنجو ئىسىملىك بىر ئادەم باشقىلارغا دائىم مۇنداق دەيدىكەن:

— مەن يارتا پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمنى ئاسانلا داۋالىۋېتىمەن. يارتا پالەچنى داۋالىغان دورىنىڭ مىقدارىنى بىر ھەسسە كۆپەيتسەملا ئۆلۈك ئادەمنىمۇ تىرىلدۈرەلەيمەن.



## ھۆل ياغاچتا ئۆي سېلىش

### «لۈ بوۋېي يىلنامىسى»

گاۋ ياڭيىڭ ئۆي سالماقچى بوپتىكەن، ياغاچچى ئۇنىڭغا:

— بولمايدۇ! ياغاچلار تېخى قۇرۇمىدى. قۇرۇمىغان ياغاچنىڭ ئۈستىگە لاي سالسا، ياغاچ ئېگىلىپ كېتىدۇ. سىرتىدىن قارىسا كۆركەم، مۇستەھكەم كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاز كۈندىن كېيىنلا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— گېپىڭىزنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆي ھەرگىز ئۆرۈلۈپ كەتمىگۈدەك. نېمىشقا دېگەندە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە

ئەگىشىپ ھۆل ياغاچ قوروپ بارغانسېرى چىڭىيىدۇ، لاي بولسا قۇرۇغانسېرى يەڭگىللەيدۇ. بارغانسېرى يەڭگىللىگەن لايىنى بارغانسېرى چىڭىغان ياغاچ كۆتۈرۈپ تۇرسا، ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان قانداق ئۆي ئىكەن ئۇ، — دەپتۇ گاۋ ياڭىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ.

ياغاچچى گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

ئۆي پۈتۈپتۇ. كۆرۈنۈشىدىن شۇنداق مۇستەھكەم كۆرۈنۈپتۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي راستىنلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

## يىلانغا پۇت سىزىش

### «يىغلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

چۇ بەگلىكىدىن بىر ئادەم كۆكلەم ۋاقتىدا نەزىر - چىراغ قىپتۇ. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ يۇندىخورلارغا بىر قەدەھ مەي تۇتۇپتۇ.

يۇندىخورلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ:

— بۇ بىر قەدەھ ھاراقنى ھەممىمىز ئىچسەك يەتمەيدۇ، بىرىمىز ئىچسەك تازا مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا، يىلان سىزىشتا بەسلىشەيلى، كىم ئاۋۋال سىزىپ بولسا، بۇ ھاراقنى شۇ ئىچسۇن، — دېيىشىپتۇ.

ئارىدىن بىرەيلەن ھەممىدىن بۇرۇن سىزىپ بوپتۇ - دە، قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئىچمەكچى بوپتۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئىلھامى قايناپ كەتكەنمۇ، قانداق، سول قولىدا قەدەھنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىغا قەلەمنى ئېلىپ:

— مەن تېخى يىلانغا پۇتمۇ سىزالايمەن، — دېگىنىچە يىلانغا پۇت سىزىشقا باشلاپتۇ.


ئۇ تېخى سىزىپ بولماستا يەنە بىر ئادەم سىزىپ بولۇپ

ئۆنىڭ قولىدىكى قەدەھنى ئېلىۋېلىپ:
— يىلاندا پۆت نېمە قىلىدۇ؟ يىلانغا پۆت سىزىپ قويساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ - دە، قەدەھتىكى مەينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپتۇ.
يىلانغا پۆت سىزغان ئادەم گېلىغا كىرەي دەپ قالغان مەيدىن قۇرۇق قاپتۇ.

## يارىلانغان قۇش

### «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

گېڭ يىڭ بىلەن ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋېي ۋاڭ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر ياۋا غازنى كۆرۈپتۇ.
— مەن ئوق سالماي يانى تارتىپلا سىلىگە ئاشۇ قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ گېڭ يىڭ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— پاھ، ئوقيا ئېتىش ھۈنىرىڭ شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىمۇ؟ — دەپتۇ.
بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ياۋا غاز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كەپتىكەن، گېڭ يىڭ يانى ئېلىپ قۇرۇق كىرىچنى شۇنداق تارتىپ قويۇپ بېرىشىگە، ياۋا غاز «پوك» قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈپتۇ.
بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان پادىشاھ:
— ئوقيا ئېتىشتا مۇشۇنداق كامالەتكە يەتكىلى بولىدىكەن دېسە، — دەپ كېتىپتۇ.
گېڭ يىڭ ئۇنىڭغا:
— ئالىيلىرى، بۇ يارىلىنىپ توپتىن ئايرىلىپ قالغان ياۋا غاز ئىكەن، — دەپتۇ.
— بۇنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.



گېلىڭ يىلىڭ ئۇنىڭغا:

— قارىسام ئۇ بەكلا ئاستا ئۇچۇۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ شۇنداق ئىچىنىشلىق سايراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستا ئۇچۇشى يارىسىنىڭ ئاغرىقىدىن، ئىچىنىشلىق سايرىشى ئۆز توپىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىقتا ھىجران ئازابى قوشۇلۇپ ئۇ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن، شۇڭا كىرىچنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان يارىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، قېچىش ئۈچۈن قانىتىنى قاتتىق قاققان گەپ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ يارىسى ئېغىز ئېلىپ قان چىقىپ كەتكەچكە، ئاغرىققا چىدىماي ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن گەپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## تۆلكىنىڭ ئۇستاتلىقى

### «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

يولۋاس ھەر خىل ھايۋانلارنى تۇتۇۋېلىپ يەم قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر تۆلكىنى تۇتۇۋاپتۇ. تۆلكە ئۇنىڭغا قورققاق سېلىپ:

— سەن مېنى يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايسەن! مېنى تەڭرىم ھايۋانلار شاھى قىلىپ ياراتقان. سەن مېنى يېسەڭ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسەن. گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيۋاتامسەن، نېمە؟ ئۇنداق بولسا، مەن ئالدىدا ماڭاي، سەن كەينىمدە ماڭ. شۇ چاغدا كۆرىسەن، ھەممە ھايۋانلارنىڭ مېنى كۆرۈپلا بەدەر تىكىۋەتكىنىنى، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قالغان يولۋاس ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ مېڭىپتۇ. راست دېگەندەك، ئۇلارنى كۆرگەنلىكى ھايۋانلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۆزىدىن قورقۇپ قېچىۋاتقىنىنى بىلمىگەن يولۋاس، ئۇلار تۆلكىدىن قورقۇپ قېچىۋاتىدۇ، دەپ قاپتۇ.

## بولىنىڭ ئاتقا ئىچ ئاغرىتىشى

«يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

قىبرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر تۇلپار لىق تۇز بېسىلغان ھارۋىنى سۆرەپ تەيخاڭشەن تېغىغا كەپتۇ.

ھارۋىنى تارتقۇچە ئۇنىڭ تىزلىرى ئېگىلىپ، قۇيرۇقى ساڭگىلاپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ؛ تاقىلىرى ئۇپراپ كەتكەچكە پۇت ئالىقانلىرى قاناپ كېتىپتۇ، پۈتۈن بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، تاغنىڭ يېرىمىغا چىقىپلا بولالماي قاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بولې كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ئاتنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە يىغلاپ تاشلاپتۇ، ئاندىن كاناپ چاپىنىنى سېلىپ، تۇلپارنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ قويۇپ تۇرۇشىغا تۇلپار بىرنى پۇشقۇرۇۋېتىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شۇنچىلىك قاتتىق كىشنەپتۇكى، ئاۋازى نە ـ نەلەرگە كېتىپتۇ.

ھېلىلا تېخى پۇتلىرى تىترەپ قەدەم ئالغۇچىلىكى قالمىغان تۇلپارغا نەدىن كەلگەن كۈچتۇ بۇ؟ چۈنكى، تۇلپار بولېنى ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم دەپ بىلگەن.

## ئاتنىڭ كاللىسىنى بەش يۈز سەر ئالتۇنغا ئېلىش

«يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ مىڭ سەر ئالتۇنغا بىر دۇلدۇل سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇغىنىسى، ئۈچ يىل ئىزدەپمۇ كۆڭلىدىكىدەك ئات سېتىۋالالماپتۇ. بىر ۋەزىر ئۇنىڭغا:

— مەن ئىزدەپ باقايمىكىن، — دەپتىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ



تەلپىگە قوشۇلۇپتۇ.

ۋەزىر ئۈچ ئاي ئىزلەپ ئاخىر پادىشاھنىڭ دىتىغا ياققۇدەك دۇلدۇلدىن بىرنى تېپىپتۇ، ئەمما ئۇ دۇلدۇل ئۆلۈك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بەش يۈز سەر ئالتۇنغا ئۆلۈك ئاتنىڭ كاللىسىنى سېتىۋاپتۇ ـ دە، ئەكېلىپ پادىشاھقا تۇتۇپتۇ.

ئۆلۈك ئاتنىڭ كاللىسىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ.

— ماڭا تىرىك ئات ئەكەلمەي، ئۆلۈك ئاتنىڭ كاللىسىنى ئەكەلگىنىڭ نېمىسى؟ ئىسىت، بەش يۈز سەر ئالتۇن، كۆزىگە ياغاچ تىقىپسەن ـ دە! — دەپتۇ پادىشاھ دەرغەزەپ بىلەن.

— سىلىنىڭ ئۆلۈك ئاتنىڭ كاللىسىنى بەش يۈز سەر ئالتۇنغا سېتىۋالغانلىرىنى ئاڭلىغان خەلقئالەم، شاھىمىز ئاتقا ھېرىسمەن ئىكەن، ئۆلۈك ئاتنى شۇنچە پۇلغا سېتىۋالغان يەردە تىرىك ئاتنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە، دۇلدۇللىرىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ھوزۇرلىرىغا ئەكېلىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر ئېھتىرام بىلەن.

دېگەندەك، بىر يىلغا قالماي ياراقلىق ئۈچ دۇلدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىدا نامايان بوپتۇ.

## ئاتنىڭ بازىرىنى چىقىرىش

### «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

ئارغىماق ساتىدىغان بىر ئادەم ئۈدا ئۈچ كۈن ئارغىمىقىنى بازارغا سالغان بولسىمۇ خېرىدار چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئات تونۇش مۇتەخەسسىسى بولېنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— يارامىلىق بىر ئارغىمىقىم بار ئىدى ساتىدىغان، ئۈدا ئۈچ كۈن بازارغا سالسام بىرەر ئادەممۇ نەرخى - ناۋاسىنى سوراپ قويمىدى. مالال كۆرمەي بېرىپ ئېتىمنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ قويسىڭىز، كېتىدىغان چاغدا يەنە ئارقىڭىزغا بۇرۇلۇپ ئېتىمغا قاراپ قويسىڭىز، مەن سىزگە بىر كۈنلۈك خەج - خىراجىتىڭىزگە يەتكۈدەك پۇل بېرەتتىم، — دەپتۇ.

بولې ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، تازا زەن سالغان قىياپەتتە ئارغىماقنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپتۇ، كېتىشىدە يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاتقا قاراپتۇ. دېگەندەك، ئارغىماقنىڭ باھاسى بىراقلا ئون ھەسسە ئۆرلەپتۇ.

## بىر - بىرگە يول قويماسلىق

### «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

سەدەپ قۇلۇلىسى قېپىنى ئېچىپ ئاپتاپسىنىۋاتسا بىر لايخورەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ گۆشىنى چوقىلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. سەدەپ قۇلۇلىسى قېپىنى يېپىپلا لايخورەكنىڭ تۇمشۇقىنى چىڭ قىسىۋاپتۇ.

— بۈگۈن يامغۇر ياغمىسا، ئەتىمۇ يامغۇر ياغمىسا، سەن سەدەپ قۇلۇلىسى ئۆلىسەن! — دەپتۇ لايخورەك.

— بۈگۈن قويۇپ بەرمىسەم، ئەتىمۇ قويۇپ بەرمىسەم، سەن

لايخورەكىمۇ ئۆلىسەن! — دەپتۇ سەدەپ قۇلۇلىسىمۇ بوش كەلمەي.

شۇنداق قىلىپ، شۇنداق ئېيتىشىپ، ئىككىسى سەندىن مەن قالامتىم دېيىشىپ تۇرغاندا، بېلىقچى كېلىپ ھەر ئىككىلىسىنى تۇتۇپ ئەكېتىپتۇ. پايدا بېلىقچىغا بوپتۇ.

## ئورۇنسىز غەم

### «لىيېزى»

چى بەگلىكىدە بىر ئادەم ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر گۇمۇرۇلۇپ كەتسە نەگىمۇ كىرىۋالارمەن دەپ تولا غەم قىلىپ، ئاش ـ تاماقتىن، ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ئەنسىرەپ قالغان يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— ئاسمان دېگەننىڭ ھەممە يېرى گاز، ئاسماندا گاز يوق يەر يوق، سېنىڭ ئاستىن ـ ئۇستۇن قارىشىڭ، نەپەس ئېلىشىڭمۇ ئاشۇ گاز ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيسەن؟ — دەپتۇ.



— ئاسمان گازدىن تەركىب تاپقان بولسا، كۈن. ئاي، يۇلتۇزلار چۈشۈپ كەتمەسمىدى؟ — دەپتۇ غەمكىن ئادەم.

— كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار پەقەت گاز ئىچىدە پارقىراپلا تۇرىدۇ، خالاس. چۈشۈپ كەتتىمۇ دەيلى، ئۇنىڭ ئادەملەرگە ھېچقانداق زىيىنى يوق، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ يەنە بىر كىشى.

غەمكىن ئادەم تۇرۇپ كېتىپ:

— يەر يېرىلىپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟ — دەپتىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقان ئادەم:

— يەر دېگەنچۇ، كاللەك - كالتەك تۇپىدىن پۈتكەن. زېمىننىڭ ھەممە يېرىدە تۇپا بار، تۇپا يوق يەر يوق. مەيلى مېڭىپ يۈر، مەيلى ئولتۇر، مەيلى تۇر، ئاشۇ يەرنىڭ ئۈستىدىلا ھەرىكەت قىلىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا يەر يېرىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيسەن؟ — دەپتۇ.

غەمكىن ئادەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غەمدىن خالاس بوپتۇ؛ ئۇنى غەمدىن خالاس قىلغان ئادەممۇ شۇنداق خۇش بوپتۇ.

## ئىككى سەككىز ئون ئالتە

### «لیېزى»

سۇڭ بەگلىكىدە مايمۇنغا ئامراق بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ئۆيىدە بىر توپ مايمۇن بېقىپتۇ. ئۇ مايمۇنلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ قىلىدىكەن، مايمۇنلارمۇ ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدىكەن. ئۇ ئادەم ئۆيىدىكىلەرنىڭ گېلىنى قىسىپ بولسىمۇ مايمۇنلارنى باقىدىكەن.

بىرىپ - بىرىپ بۇ ئادەم نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مايمۇنلارنىڭ يېمىكىنى سەل كېمەيتمەكچى بوپتۇ، لېكىن يەنە مايمۇنلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنماسلىقىدىن قورقىدىكەن. ئۇ ئاخىر مايمۇنلارنى ئالداش نىيىتىگە كەپتۇ.

— سىلەرگە ئەتىگىنى ئۈچ تال، كەچقۇرۇنلۇقى تۆت تال كاشتان بېرىمەن. توپارسىلەر؟ — دەپتۇ ئۇ مايمۇنلارغا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مايمۇنلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئاسمانغا سەكرەپتۇ.

مايمۇنلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن ئادەم ئۇلارغا:

— بولدى، سىلەرگە ئەتىگىنى تۆت تال، كەچقۇرۇنلۇقى ئۈچ تال كاشتان بېرەي، — دەپتىكەن، مايمۇنلار خۇشاللىقىدىن يەردە دومىلاپ كېتىپتۇ.

## يەن بەگلىكىدىن يۇرتىغا قايتىش

«لىيېزى»

يەن بەگلىكىدە تۇغۇلغان، چۇ بەگلىكىدە چوڭ بولغان بىر ئادەم قېرىغاندا كىندىك قېنى تۆككەن يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. جىن بەگلىكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ سەپەرداشى ئۇنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن ئالدىدىكى شەھەرنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ يەن بەگلىكىگە تەۋە شەھەر، — دەپتىكەن، يۇرتىغا بولغان مېھرىنىڭ كۈچىدىن ئۇ ئادەمنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.



ئۇنىڭ سەپەردىشى يەنە يەر مۇئەككىلىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرسىتىپ:
— مانا بۇ يېزاڭلارنىڭ يەر مۇئەككىلى، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ.
سەپەردىشى ئۇنىڭغا يەنە بىر ئۆينى كۆرسىتىپ:
— مانا بۇ ئاتا - بوۋاڭنىڭ جايى، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ.
سەپەردىشى ئۇنىڭغا بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ:
— مانا بۇ ئاتا - بوۋاڭنىڭ قەبرىسى، — دەپتىكەن، بۇ ئادەم ئەمدى ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالماپتۇ - دە، ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.
بۇ چاغدا سەپەردىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ سېلىپ:
— سېنى گوللاپ قويدۇم، بۇ دېگەن جىن بەگلىكى، — دەپتىكەن، ئۇ ئادەم قاتتىق خورسىنىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار راستتىنلا يەن بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەندە، يەن بەگلىكىنىڭ شەھىرىنى، يەر مۇئەككىلىنى، قەدىم جايىنى ۋە ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى كۆرگەندە، ئەمەس يەرلەرگە يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ھېسسىياتى سۇسلاپ كەتكەچكە، ئۇنچە «ئاھ، ۋاھ» قىلىپ كەتمەپتۇ.

## يۈگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى

### «لىيزى»

تەيخاڭشەن تېغى بىلەن ۋاڭۋۇشەن تېغىنىڭ دائىرىسى يەتتە يۈز چاقىرىم، ئېگىزلىكى يەتتە - سەككىز مىڭ گەز كېلىدىكەن. بۇ تاغلار ئەسلىدە جىجۇنىڭ جەنۇبىدا، خېياڭنىڭ شىمالىدا ئىكەن. تاغنىڭ شىمال تەرىپىدە يۈگۈڭ ئىسىملىك،

توقسەن ياشلىق بىر بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى تاغقا قاراپلا تۇرىدىكەن. بۇ تاغنىڭ دەستىدىن ئۇلار بىر يەرگە بارماقچى بولسا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن يولنى ئايلىنىپ ماڭىدىكەن. بىر كۈنى يۇگۇڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ:

— سىلەر بىلەن بىللە بۇ ئىككى پۇتلىكاشاڭ تاغنى يۆتكىسەك دەپ ئويلاۋاتىمەن. شۇنداق قىلساق، يۈننەننى ئۇدۇل كېسىپ مېڭىپ خەنشۈينىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە بارالايمىز. سىلەرچە قانداق؟ — دەپتۇ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى سەل شۈبھىلەنگەن ھالدا:

— مۇشۇ كۈچىڭىز بىلەن تەيخاڭشەن، ۋاڭۋۇشەن تاغلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋېيخۇ تېغىدەك كىچىك تاغنىمۇ تۈزلىيەلمەسسىزمىكىن. يەنە بىر گەپ، ئىش باشلىدۇقمۇ دەيلى، تاغدىن چىققان توپا - تاشلارنى نەگە تۆكىمىز؟ — دەپتۇ.

كۆپچىلىك:

— توپا - تاشلارنى بوخەي دېڭىزىنىڭ ئارقىسىغا، يىنشى تېغىنىڭ شىمال تەرىپىگە تۆكىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يۇگۇڭ ئوغلى بىلەن نەۋرىسىنى باشلاپ تاغنى يۆتكەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار تاشلارنى چوقۇپ، توپا - شېغىللارنى شازا بىلەن بوخەي دېڭىزىنىڭ كەينىگە توشۇغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ جىنچېك ئىسىملىك تۇل قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا سۈت چىشىنىڭ ئورنىغا يېڭى چىشى چىققان ئوغلىمۇ قاتارغا قوشۇلۇپ شوخ تايچاقتەك سەكرىگىنىچە ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ياز كېتىپ قىش كىرىپتۇ. ئاڭغىچە ئۇلار بوخەي دېڭىزىنىڭ كەينىگە بىر قېتىم بېرىپ كەپتۇ.

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بۇرۇلۇش ئېغىزىدا جى ئىسىملىك بىر بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇ يۇگۇڭغا مەسخىرە ئارىلاش :

— ئەقىلسىز نېمە ئىكەنسەن. قېرىپ ھالىڭدىن كېتەي دەپ

قاپسەن، مۇشۇ ھالىڭ بىلەن مۇشۇنداق چوڭ تاغنىڭ تاش ـ توپىسى تۇگۇل بىرەر تال تىشىنىمۇ يۆتكىيەلمەسسەنمىكىن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان يۇگۇڭ خورسىنغان ھالدا:

— يېشىڭ چوڭ بولغان بىلەن تېخى بەك نادان ئىكەنسەن. نادانلىقىڭدىن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلچىلىكمۇ بولالمايدىكەنسەن. مەن ئۆلسەم ئوغلۇم بار؛ ئوغلۇممۇ نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولىدۇ، نەۋرەممۇ ئوغۇللۇق، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولىدۇ، ئىشقىلىپ ئەۋلادىم ئۈزۈلمەيدۇ. ئەمما بۇ تاغ ئەمدى ئېگىزلىمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ تاغنى تۈزلىۋېتەلمەسلىكتىن نېمىشقا ۋايىم يېگۈدەكمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

جى ئىسىملىك بوۋاينىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ گەپ تاپالماي قاپتۇ.

تاغ مۇئەككىلى يۇگۇڭنىڭ تاغنى تۈزلىمەكچى بولغىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ توختىماستىن تاغ چېپىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئىشتىن تەڭرىنى خەۋەرلەندۇرۇپتۇ. يۇگۇڭنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھىدىن تەسىرلەنگەن تەڭرى كۇۋا، ئې ئىسىملىك ئىككى ئوغلىغا ئىككى چوڭ تاغنى يۇدۇگۇزۇپ، بىرىنى شودۇڭغا، يەنە بىرىنى يۇنەنگە يۆتكىتىۋېتىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جىجۇنىڭ جەنۇبىدىن خەنشۇينىڭ جەنۇبىغىچە كىشىلەرگە توسالغۇ بولغۇدەك تاغ قالمىغانىكەن.

## شۆتەننىڭ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىشى

### «لىيېزى»

شۆتەن چىن چىڭدىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇ تېخى چىن چىڭنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ بولالمايلا، بۇ

ھۈنەرنى دەستىگە ئېلىپ بولدۇم دەپ ئويلاپ، ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. چىن چىڭمۇ ئۇنى توسماپتۇ. ئۇنى شەھەر سىرتىدىكى چوڭ يولنىڭ بويىدا زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ، ئاندىن قولىنى ئۇدارغا كەلتۇرۇپ تۇرۇپ بىر ناخشا ئېيتىپتىكەن، ناخشىنىڭ يېقىملىقلىقىدىن ئورمانلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ ئاسماندىكى بۇلۇتلار قېتىپ قاپتۇ.

شۆتەن دەرھال ئۇستازىدىن كەچۈرۈم سوراپ، قايتىپ بېرىپ داۋاملىق ئۆگىنىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشنى مەڭگۈ ئاغزىغا ئالماپتۇ.


## جى چاڭنىڭ مەرگەن بولۇشى

«لىيېزى»

گەن يىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئۇستا مەرگەن. ئۇ ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىشىمۇ، بولدى، يەر يۈزىدە چېپىپ كېتىۋاتقان ھايۋانلار شۇ جايدىلا جان تەسلىم قىلىدىكەن، كۆكتە ئۇچۇۋاتقان ئۇچار قاناتلار شۇ ھامان يەرگە پالاقلاپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ فېيۋېي ئىسىملىك بىر شاگىرتى بولۇپ، ھۈنەردە كامالەتكە يېتىپلا قالماي، تېخى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. جى چاڭ ئىسىملىك بىرى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىپتۇ. ئۇ جى چاڭغا:

— سەن ھازىرچە قارىغا ئېلىشنى خىيالىڭدىن چىقىرىۋېتىپ، كۆزۈڭنى مىت قىلماسلىقنى ئۆگەن، — دەپ تەلىم بېرىپتۇ.

جى چاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئاستىدا يېتىۋېلىپ، خوتۇنىنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەس ھەرىكەتلىنىۋاتقان پۇتىنىڭ ئۇچىغا كۆزىنى مىت



قىلماستىن قاراپ يېتىپتۇ.

ئۇ شۇ تەرزدە ئىككى يىل مەشىق قىلغاندىن كېيىن كۆزىگە ئۇرچۇق كىرىپ كەتسىمۇ چىمىلداتمايدىغان ھالەتكە كەپتۇ. ئۇ مەشىق نەتىجىسىنى فېي ۋېيگە دەپتىكەن، فېي ۋېي:

— بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە كۆرۈش قۇۋۋىتىڭنى مەشىق قىلىشىڭ كېرەك. مەشىق قىلىپ شۇ دەرىجىگە يېتىشىڭ كېرەككى، تۇگمىچىلىك نەرسە تۆگىدەك كۆرۈنۈشى، نائېنىق نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈشى كېرەك. شۇ چاغدا ئاندىن مېنى ئىزدەپ كەل، دەپ يولغا ساپتۇ.

جى چاڭ ئۇستىسىنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېلىپ كالىنىڭ بىر تال قۇيرۇق تۈكىگە بىر پىتنى چىگىپ دېرىزىگە ئېسىپ قويۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى شۇ پىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئون كۈنلەردىن كېيىن پىت بارغانسېرى يوغان كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پىت ھارۋا چاقىدەك كۆرۈنۈشكە، باشقا كىچىك نەرسىلەر كىچىكرەك تاغدەك كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا ئۇ پىتنى قارىغا ئېلىپ، ياسىنىڭ كىرىچىنى بىر تارتىپتىكەن، يا ئوقى پىتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تېگىپتۇ، ئەمما

كالىنىڭ قوپىروق قىلى ئۇزۇلۇپ كەتمەپتۇ.

ئۇ بۇ ئەھۋالنى ۋىيگە خەۋەر قىپتۇ. ۋىي خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ مورىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— ھەببەللى، قارىغا ئېتىشتا كامالەتكە يېتىپسەن! — دەپتۇ.

## خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالماق

### ليۇ شياڭ

بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ مورىنىڭ تۈپتۈز قوپۇرۇلغانلىقىنى، ئوچاقنىڭ يېنىغا ئوتۇن، سامان - پالاسلارنىڭ دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ساھىبخانىغا:

— مورىڭىزغا جەينەك چىقىرىپ ياساڭ، ئوتۇن - سامانلارنى ئوچاقتىن نېرىراق قويۇڭ، بولمىسا ئوت كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپ ساھىبخانىنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقماپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە راستتىنلا ئوت كېتىپتۇ. قوشنا - قولۇملارنىڭ ياردىمىدە ئوتنى مىڭ تەسلىكتە ئۆچۈرۈۋاپتۇ.

ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنغاندىن كېيىن ساھىبخانا ئۆزىگە ياردەملەشكەنلەرگە رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كالا بوغۇزلاپ، ھاراق - شاراب قويۇپ زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ ئوت ئۆچۈرۈشتە ھەممىدىن بەك كۈچ چىقارغانلارنى تۆردە، قالغانلارنى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا تىزىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇيۇ، مورىڭنى ئۆزگەرت، ئوتۇن - سامىنىڭنى ئوچاقتىن نېرىغا قوي دەپ تەكلىپ بەرگەن مېھماننى چاقىرىپمۇ قويماپتۇ.

ئەگەر ئۇ ئاشۇ مېھماننىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالغان بولسا

ئۆيىگە ئوتمۇ كەتمىگەن، كالا بوغۇزلاپ زىياپەت بېرىپ ئاۋارىمۇ بولمىغان بولاتتى.

## بيەن جۇاڭزىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈشى

### سىما چيەن

بيەن جۇاڭزى يولۋاس ئۆلتۈرمەكچى بوپتىكەن، مېھمانسارايدىكى يۇگۇر - يېتىمچى بالا ئۇنىڭغا:

— شۇ تاپتا ئىككى يولۋاس بىر كالىنىڭ گۆشىنى يەۋاتىدۇ. گۆش ئۇلارغا بەك تېتىپ كەتكەندە، ئىككىسى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ چوقۇم تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. ئېلىشىش نەتىجىسى چوڭىنىڭ يارىلىنىشى، كىچىكىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇ چاغدا قول سالسىڭىز، يارىلىنىپ ھالىدىن كەتكەن يولۋاسنى ئاسانلا يېڭەلەيسىز - دە، بىر دودىلا قوش يولۋاس ئۆلتۈرگەن دېگەن نامغا ئېرىشەلەيسىز، — دەپتۇ.



بالىنىڭ گېپىگە قايىل بولغان بيەن جۇاڭزى بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئىككى يولۋاس تۇتۇشۇپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە چوڭ يولۋاس يارىلىنىپتۇ، كىچىكى

ئۆلۈپتۇ. بىەن جۇاڭزى دەرھال بىرسپ چوڭ يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپتۇ. دىگەندەك، ئۇ بىر دودىلا ئىككى يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇر دىگەن ئاتاققا ئىرىشىپتۇ.

## يې بايۇەچچىنىڭ ئەجدىھاغا ئامراقلىقى

### ليۇ شياڭ

يې بايۇەچچە ئەجدىھاغا بەكلا ئامراق ئىكەن، ئۆيىنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنىمۇ بوش قويماي ئەجدىھانىڭ سۈرىتىنى نەقىشلەتكەنىكەن. ئەجدىھالارنىڭ پادىشاھى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يې بايۇەچچىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، بېشىنى دېرىزىدىن تىقىپ ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپتۇ، ئۇزۇن قۇيرۇقى بولسا ھويلىدا پۇلاڭلاپ قاپتۇ.

ئۇنى كۆرگەن يې بايۇەچچە قورققىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ. ئەسلىدە، يې بايۇەچچىنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنى ھەقىقىي ئەجدىھا بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئەجدىھاغا ئوخشىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەجدىھا ئەمەس نەرسە ئىكەن.

## ھۇۋقۇشنىڭ ئۆي كۆچۈشى

### ليۇ شياڭ

پاختەك ھۇۋقۇشقا:

— يول بولسۇن، — دەپتىكەن، ھۇۋقۇش:

— شەرق تەرەپكە كۆچۈپ كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ۋاي، نېمىشقا؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ پاختەك.

— كەنتتىكىلەر مېنىڭ ھۇۋلىشىمدىن بىزار بولۇپ كېتىپتۇ، شۇڭا شەرققە كۆچەيمىكىن دەيمەن.

— ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتىپ ئاندىن شەرققە كۆچسەڭ بولار، لېكىن مۇشۇ پېتىڭ بىلەن شەرققە بارساڭ خەلقنىڭ ھەممىسى بەربىر ئاۋازىڭدىن بىزار بولىدۇ.

## بامبۇك بادرىنى ئىككى پارچە قىلىش

### خەن دەنچۈن

لۇ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم ئۇزۇن بامبۇك بادرىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرمەكچى بوپتۇ. ئۇ بادرىنى تىك تۇتۇپ باقسىمۇ، توغرىسىغا تۇتۇپ باقسىمۇ شەھەر دەرۋازىسىغا تاقىشىپ قېلىپ دەرۋازىدىن پەقەت كىرەلمەپتۇ، ئۆزىمۇ بىرەر چارە ئويلاپ تاپالماپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاي ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى كۆرۈپ:

— مەن ئەۋلىيا بولمىساممۇ، بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، نېمىشقا بۇ ئۇزۇن بادرىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ ئاندىن شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرمەيسەن؟ — دەپتۇ.



## كالىغا قالۇن چىلىپ بېرىش

### «ئۇلۇغ يارۇغ»

گۈلك مىڭيى قالۇندا كالىغا بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان كىلاسسىك مۇزىكا چېلىپ بېرىپتىكەن، كالىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقماي پۇشۇلدىغىنىچە چۆپ يەۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىسىنى كالا ئاڭلىماپتۇ ئەمەس، ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلماپتۇ.

بۇنى كۆرگەن گۈلك مىڭيى قالۇننى كۆكۈيۈنىنىڭ گىژىلدىشىغا، موزاينىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ ئېچىنىشلىق مۆرىشىگە ئوخشىتىپ چاپتىكەن، كالا شۇ هامان قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ، قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ.

## چوڭ تاشپاقا بىلەن چۇمۇلە

### فۇ لاڭ


شەرقىي دېڭىزدا چوڭ بىر تاشپاقا بار ئىكەن. ئۇ پەرىشتىلەر ماكانىنى[1] بېشىدا كۆتۈرۈپ زۇمرەتتەك دېڭىزدا ئۇياندىن - بۇيانغا بەهۇزۇر ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئۇ تۇرۇپلا سۇدىن ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلسە، تۇرۇپلا تەكتى ئەسراغا شۇڭغۇيدىكەن.

ئۇنىڭ تەرىپى قىزىل چۇمۇلىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ تاشپاقىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن چۇمۇلىلەرگە دېڭىز بويىغا يىغىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

چۇمۇلىلەر دېڭىز بويىدا بىر ئايدىن ئارتۇقراق كۈتكەن بولسىمۇ، تاشپاقا دېڭىز ئاستىدىن چىقماپتۇ. ئاررۇسىغا

---

[1] پەرىشتىلەر ماكانى ــ رىۋايەتلەردە بوخەي دېڭىزىدا پەرىشتىلەر تۇرىدىغان جاي.



يېتەلمىگەن چۈمۈلىلەر كەلگەن يېرىگە كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، توساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، دېڭىز دەھشەتلىك نەرە تارتىپ، دولقۇنلار ئاسمان - پەلەككە ئۆرلەپ قىيامەت قايىم بولغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. چۈمۈلىلەر خىيالىدا تاشپاقا ئەمدىغۇ چىقار دەپ ئويلاپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن بوران توختاپتۇ، دېڭىز ساھىلىمۇ تىنچىپ قاپتۇ. دېڭىزدا شۇنداق ئېگىز بىر تاغ ئاستا غەربكە قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر:

— تاشپاقىنىڭ ئېگىز تاغنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشى بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزدا گۈرۈچ دانىسىنى كۆتۈرگىنىمىزچە چۈمۈلىلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرۈشىمىزنىڭ، قايتىپ كېلىپ ئۇچەككە كىرىشىمىزنىڭ نېمە پەرقى؟ بۇ دەل ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە باب كېلىدىغان ئىش - ھەرىكىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇغۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنى كۆرىمىز دەپ نەچچە يۈز چاقىرىم يەردىن ھېرىپ - ئېچىپ نېمىشقىمۇ كېلىپ يۈرگەندىمىز؟ — دەپ پۇشايمان يەپتۇ.

# مەسلىھەت

فۇ لاڭ

بىر ئادەم تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا بىلەن مەززىلىك تائاملارنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ قىممەت باھالىق تۈلكە جۇۋىدىن بىرنى تىكتۈرمەكچى بولۇپ، تېرەڭنى بەرگەن بولساڭ دەپ تۈلكىلەرنىڭ قېشىغا، گۆشۈڭنى نەزىر - چىراغ قىلىشقا بەرسەڭ دەپ قويىنىڭ قېشىغا مەسلىھەت سېلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشەر - چۈشمەستىنلا تۈلكىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاغقا قاراپ قېچىپتۇ، قويلارمۇ مەرىگىنىچە چاتقاللىققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئون يىلغىچە بىر تۈلكە تېرىسىدىن قىلىنغان جۇۋىغا، بەش يىلغىچىمۇ نەزىرلىككە بىر قويغا ئىگە بولالماپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن، چۈنكى ئۇنىڭ قىلغىنى پۈتۈنلەي خاتا - دە!

# سالقىنداش

فۇ لاڭ

جېڭ بەگلىكلىك بىر ئادەم سالقىنداش ئۈچۈن بورىسىنى كۆتۈرۈپ بىر تۈپ يالغۇز دەرەخنىڭ ئاستىغا كەپتۇ. ئۇ كۈننىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىپ دەرەخنىڭ سايىسى قەيەرگە چۈشسە، بورىسىنى شۇ يەرگە سۈرۈپ سالقىنداپتۇ.

ئاي چىققاندىن كېيىن ئۇ ئوخشاشلا ئاينىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، سايە نەگە چۈشسە بورىسىنى شۇ يەرگە يۆتكەپتۇ. نەتىجىدە، شەبنەم ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ قانچە جىق يۆتكەلسە، كىيىمى شۇنچە ھۆل بوپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ ئادەم كۈندۈزدىكى سايىدىن پايدىلىنىشنىلا بىلىپ،

ئۇنى كىچىكىمۇ قارىغۇلارچە تەتبىق قىلغان.


## خۇيىنىڭ ئوقيا ئېتىشى

فۇ لاڭ

شيا بېگى خۇيىنى دىئامېتىرى بىر چى كېلىدىغان، ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل يېرى بىر سۇڭ كېلىدىغان بىر نىشانغا ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇپتۇ ۋە:

— بۇ نىشاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزەلىسەڭ كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىسەن، تەگكۈزەلمىسەڭ مەرگەن دېگەن نامىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن ! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خۇيىنىڭ چىرايى بوزىرىپ، نەپىسى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ھالەتتە ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى كېرىپ ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ئاتقان ئوقى نىشانغا تەگمەپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئاتقان ئوقلىرىمۇ زايە بوپتۇ.



شيا بېگى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەستىن باۋفۇ مىرېنغا:
— خۇيى ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىغان مەرگەن ئىدى، ئەپسۇس، ئۇنىڭغا مۇكاپاتلاش، جازالاشنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قويسام نىشانغا تەگكۈزەلمەيلا قالدى دېسە، — دەپتىكەن. باۋفۇ مىرېن:
— نىشانغا تەگكۈزۈپ كاتتا ئىنئامغا نائىل بولالارمەنمۇ، تەگكۈزەلمەي قالسام جازاغا تارتىلارمەنمۇ دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ، يۈرىكىنى سالدۇرۇۋەتكەن گەپ. يۈرەك سالغاندىكىن قول تىترەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن نىشانغا تەگكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىش تەمەسىمۇ ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغان. ئەگەر كىشىلەردە ئالتۇن - كۈمۈشكە ھېرىسمەنلىك بولمىغان بولسا، خۇيىلا ئەمەس، جاھان ئەھلىنىڭ ھەممىسى مەرگەن بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## گۇڭشۇنىڭ سۇمۇرغ ئويۇشى

### ليۇ جۇ

گۇڭشۇ سۇمۇرغنىڭ ئويمىسىنى ئويماقچى بوپتۇ. ئۇ تېخى سۇمۇرغنىڭ تاجىنى، پۇت - پەنجىلىرىنى، رەڭدار قاناتلىرىنى ئويماستا، كىشىلەر ئۇنىڭ گەۋدىسىگە قاراپ ئۇنى ئاق رەڭلىك قۇرغۇي دېيىشىپتۇ، بېشىغا قاراپ ساقىيقۇش ئىكەن دېيىشىپتۇ ھەم گۇڭشۇنىڭ پەمسىزلىكىدىن كۈلۈشۈپتۇ.
گۇڭشۇ سۇمۇرغنى ئويۇپ بولۇپ تاجىنى ياپىېشىل، پەنجىلىرىنى قىپقىزىل، بەدىنىنى ھەسەن - ھۈسەندەك بوياپتىكەن، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلغۇدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر گۇڭشۇنىڭ پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ.

## ئوقيا سۇندۇرۇش

ۋېي شۇ

تۇيگۇخۇننىڭ ئاقساقىلى ئاسەيىنىڭ يىگىرمە ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ھەربىرىڭلار بىر تالدىن ئوقيا كەلتۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

ئوغۇللىرى بىر تالدىن ئوقيانى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۇرۇپتىكەن، ئۇ ئوقيالارنى بىر تالدىن سۇندۇرۇپ يەرگە تاشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىنىسى مو لىيەنگە:

— سەن بىر تال ئوقيانى ئېلىپ سۇندۇر، — دەپتۇ.

مو لىيەن بىر تال ئوقيانى ئېلىپلا «تارس» قىلىپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئەمدى ئون توققۇز تال ئوقيانى بىر قىلىپ سۇندۇرۇپ باق، — دەپتۇ ئاسەي.

مو لىيەن ئون توققۇز تال ئوقيانى بىر قىلىپ ھەرقانچە كۈچەپمۇ سۇندۇرالماپتۇ.

— كۆردۇڭلارمۇ؟ — دەپتۇ ئاسەي، — بىر تال ئوقيانى سۇندۇرۇش شۇنچىلىك ئاسان، ئەمما بىر توپ ئوقيانى سۇندۇرۇش ئاسان ئەمەس. شۇڭا، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقاندىلا، دۆلىتىمىز ئاندىن قۇدرەت تاپىدۇ.

## قەدەھكە چۈشكەن شولا

فاڭ شۇەنلىك

لي گۇاڭنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان بىر يېقىنى بار ئىكەن. ئۇنىڭ لي گۇاڭنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسمىغىنىغا خېلى زامانلار بولۇپ قاپتۇ. لي گۇاڭ ئۇنىڭدىن

بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، ئۇ كىشى:
— ئۆتكەن قېتىم ھۇزۇرىڭىزدا بولغان چېغىمدا، سىز تۇتقان شارابنى ئاغزىمغا ئاپىرىشىمغا ئىچىدىكى يىلانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن ھەرقانچە يىرگەنسەممۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ ئىچىۋەتتىم، ئەمما شۇنىڭدىن بېرى بىتابمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئۆز ۋاقتىدا خېنەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە بىر يا ئېسىقلىق ئىكەن، ئۇنىڭ دەستىسىگە يىلاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن. يېقىنىنىڭ قولىدىكى شارابتىكى شۇ ياغا سىزىلغان يىلاننىڭ سۈرىتىنىڭ شولىسى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن لې گۇاڭ ئالدىنقى قېتىم ئۇنى مېھمان قىلغان يەرنىڭ نەق ئۆزىگە زىياپەت داستىخىنىنى راسلاپتۇ، مېھماننىمۇ بۇرۇنقى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىر قەدەھ شاراب تۇتۇپتۇ، ئاندىن:
— شارابتا يەنە بىرنېمە كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۆتكەن قېتىم كۆرگەندىكىگە ئوخشاش نەرسىنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.
شۇنىڭ بىلەن لې گۇاڭ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ساقايمىغان كېسىلى ساقىيىپلا كېتىپتۇ.

## يا ئوقىنىڭ ئۇچىنى چىشلىۋېلىش

### جاڭ جو

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا زەن جۈنمۇ ئىسىملىك بىر مەرگەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ يا ئوقىنى نەگە تەگكۈزىمەن دېسە شۇ يەرگە تەگكۈزەلەيدىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىنى چەنلىسە كۆزىگە، ئاغزىنى چەنلىسە ئاغزىغا تەگكۈزىدىكەن. ۋاڭ لىڭجى ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن



ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كامالەتكە يەتتىم دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە ھۈنەر ئۆگەتكەن ئۇستازىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئوقيا ئېتىشنىڭ پىرى دېگەن نامغا ئۆزىلا ئېرىشمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى، ۋاڭ لىڭجى زەن جۈنمۇغا قارىتىپ ئوقيا ئېتىپتۇ. زەن جۈنمۇ ئۈنى قولىدىكى خەنجىرى بىلەن توسۇۋاپتۇ. ۋاڭ لىڭجى يەنە بىر تال ئوقيا ئېتىپتىكەن، زەن جۈنمۇ ئاغزىنى ئېچىپلا ئۇ ئاتقان ئوقيانىڭ بېشىنى چىشلىۋاپتۇ ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوقيا ئېتىشنى مەندىن ئۈچ يىل ئۆگەنگىنىڭ بىلەن ئوقيانىڭ بېشىنى چىشلىۋېلىش ھۈنىرىمنى تېخى ئۆگەتمىگەنىدىم، — دەپتۇ.

## قوڭغۇر ئېيىق

### ليۇ زوڭيۈەن

بۇغا قاپلاندىن قورقىدىكەن، قاپلان يولۋاستىن قورقىدىكەن، يولۋاس قوڭغۇر ئېيىقتىن قورقىدىكەن. قوڭغۇر ئېيىقنىڭ تۈرۈكى چاچلىرى سالۋاراپ تۇرغان ئادەمگىلا ئوخشايدىكەن. ئۇ شۇنچىلىك كۈچتۈڭگۈر ئىكەنكى، ئادەمنى نەچچە يالماپلا يەۋېتىدىكەن.

چۇ بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئوۋچى ياشايدىكەن. ئۇ نەي چېلىشقا شۇنداق ئۇستا ئىكەنكى، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆز ئەينى چىقىرالايدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئوقياسىنى ئېسىپ بىر بوتۇلكا، بىر چىراغنى ئېلىپ قېلىن ئورمانلىققا كىرىپتۇ، نېيىنى بۇغىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ چېلىپتىكەن، بىر توپ بۇغا كەپتۇ. ئۇ چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ بۇغىلارنى بولۇشىچە ئۇۋلاپتۇ.

بۇغلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قاپلان يۈگۈرۈپ كەپتۇ، قاپلاندىن قورقۇپ كەتكەن ئۇۋچى نېيىنى يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشىتىپ چاپتىكەن، قاپلان بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. بىر چاغدا يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلىغان بىر يولۋاس يۈگۈرۈپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن ئۇۋچى نېيىنى قوڭۇر ئېيىقنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ چاپتۇ. قوڭۇر ئېيىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان راست قوڭۇر ئېيىق بۇرادىرىنى ئىزدەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كېلىپ شۇنداق قارىسا، ئۇ يەردە قوڭۇر ئېيىق ئەمەس، بىر ئادەم تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا ئېتىلىپ ھېلىقى ئۇۋچىنى قىيما - چىيما قىلىپ يەۋېتىپتۇ.

## بىچارە قانداغاي

### ليۇ زۇڭيۇەن

لىنجياڭلىق بىر ئادەم ئۇۋغا چىقىپ بىر قانداغاي بالىسىنى تۇتۇۋاپتۇ ھەم ئۇنى بېقىپ قوياي دەپ ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ بىر توپ ئىتى بار ئىكەن. قانداغاي بالىسىنى كۆرگەن ئىتلارنىڭ تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ - دە، قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلاتقىنىچە قانداغايغا ئېتىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ئۇۋچى ئىتلىرىنى راسا قورقۇتۇپ قويۇپتۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇۋچى ئىتلارنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن قانداغاينى كۆتۈرۈپ ئىتلارنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئۇلار قاۋىسا ھەيۋە قىلىپ ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىتلار بىلەن قانداغاي بىللە ئوينايدىغان ھالغا ئەكەپتۇ.

ۋاقىت ئۆزارغانسىرى ئىتلار ئىگىسىنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بوپتۇ. قانداغاي بالىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭ

بولۇپ، ئۆزىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ ئىتلارنى ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ بىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەممە ئىشتا بىللە بوپتۇ. ئىتلار ئىگىسىدىن قورققاچقىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەپتۇ، ئەمما قانداغاي بىلەن ئىگىسىگە چاندۇرماستىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قانداغايغا قاراپ تىلىنى يالاپ شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىدىكەن.

ئۈچ يىلدىن كېيىن قانداغاي ھويلىدىن سىرتقا چىقىپ باشقىلارنىڭ ئىتلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا ئوينىغىلى بېرىپتۇ. قانداغاينى كۆرگەن ئىتلار خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە قانداغاينى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ ـ دە، ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىلىپ، چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ يەۋېتىپتۇ. بىچارە قانداغاي ئۆلگۈچىمۇ ئىتلارنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا يەۋەتكىنىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.

## گۇيجۇ ئېشىكى

ليۇ زۇڭيۈەن

گۇيجۇدا ئېشەك يوق ئىكەن. ئېشەككە ئامراق بىر كىشى ئۇنى يىراق يۇرتلاردىن كېمىگە سېلىپ ئەكەپتۇ. ئەكەلگەندىن كېيىن ئۇنى كېرەك قىلغۇدەك يەرنى تاپالماي تاغ باغرىغا قويۇۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى، يولۋاس ئۇ ئېشەكنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ يوغان بەستىگە قاراپ جىن ـ شاياتۇن بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ قورقۇپ يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى، ئېشەك شۇنداق سەت ھاڭراپتۇكى، يولۋاس قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى قىل قاپتۇ، بۇ غەلىتە

مەخلۇق مېنى يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ بەدەر قېچىپتۇ.

يولۋاس ئېشەكنى كۆزىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ قاتتىق ھاڭراشتىن باشقا كارامىتىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلاۋېرىپ ئۇ ئاۋازغا كۆنۈپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېشەكنى ئەگىپ يۈرۈپتۇيۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئاخىر بىر كۈنى، يولۋاس ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ بېقىپتۇ. ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ئېشەك ئۇنى كەلتۈرۈپ بىرنى تېپىپتۇ. ئېشەكتىن تېپىك يېگەن يولۋاس ئەكسىچە خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ بىرنېمىنىڭ ھۈنىرى مۇشۇنچىلىككەنغۇ دېگەن يەرگە كەپتۇ.


شۇنىڭ بىلەن، كۆڭلى تىنىغان يولۋاس ھۆركىرىگىنىچە يىراقتىنلا ئېشەككە ئېتىلىپ، ئۇنىڭ كانىيىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئاندىن گۆش - يۆشلىرىنى يەپ قورسىقىنى تويدۇرۇپ نېرى كېتىپتۇ.

## چاشقان باققان ئادەم

### ليۇ زۇڭيۈەن

يۇڭجۇدا بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈنلىرىنى ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتسۇن دەپ قاتتىق پەرھىز تۇتىدىكەن. ئۇ چاشقان يىلىدا تۇغۇلغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە چاشقان يىلىنىڭ مۇئەككىلى بولغاچقا، چاشقانغا بەكلا ئامراق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆيىدە مۈشۈك باقمايدىكەن ھەم ئۆيىدىكىلەرنىڭ چاشقان ئۆلتۈرۈشىگىمۇ يول قويمايدىكەن. ئۇنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدا، ئاشخانا - ئۆيلىرىدە چاشقانلار ئەركىن - ئازادە يايراپ يۈرۈۋېرىدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن چاشقانلار بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. نۇرغۇن چاشقان بۇ ئۆيگە ماكانلىشىپتۇ. ئۇلار قورساق توق، غەم



يوق ياشاپتۇ.

شۇغىنىسى، بۇ ئۆيدە بىرەر ساق مەنقۇلات، چاشقان قىرقىمىغان بىرەر قۇر كىيىممۇ قالماپتۇ. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى چاشقانلاردىن ئاشقان نەرسىلەر بوپتۇ.

چاشقانلار كۈندۈزى ئادەملەر بىلەن ئوخشاش كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىكەن، كېچىسى يېمەكلىك ئوغرىلاپ يەپ، ئۇرۇش - تالاش قىلىپ، سەت چىرقىرىشىپ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزىدىكەن. شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇ كىشى بىزارلىق ھېس قىلمايدىكەن.

نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئائىلىلىك باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. باشقا بىرەيلەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپتۇ. چاشقانلار بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. يېڭى خوجايىنىنىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپتۇ. ئۇ: «بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ قۇللىرى ئەجەب ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بىر بەرمەيدىغان بولسام» دەپتۇ - دە، ئىشكنى چىڭ ئېتىپ مۇشۇكتىن بەش - ئالتىنى ئەكېلىپ

قويۇپ بېرىپتۇ، بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماي، ئۆگزىدىكى كاھىشلارنى قومۇرۇۋېتىپ چاشقان كامىرى ئۇچرىغان ھامان سۇ قۇيۇپ، ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ تۇتۇپتۇ. نەتىجىدە ئۆلگەن چاشقانلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلاردىن تارقىغان سېسىق پۇراق نەچچە ئايلاردىن كېيىن ئاندىن تارقاپتۇ.

## ياغاچ قازان بىرلا قاينايدۇ

### شېن كو

بىر كىشى قاراقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئىككىسىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. بىر چاغدا قاراقچى قوۋۇزىغا توشقۇزۇۋالغان سۇنى ئۇنىڭ يۈزىگە پۈركۈۋېتىپتىكەن، ئۇ كىشى بىرپەس مەڭدەپ قاپتۇ. شۇ پۇرسەتتە قاراقچى ئۇ كىشىنىڭ كۆكرىكىگە تىغ ئۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئەزىمەت بۇ قاراقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئەزىمەت بۇ قاراقچىنىڭ يۈزگە سۇ پۈركۈيدىغان خۇيىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا، قاراقچى بۇرۇنقى ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈگەنىنىڭ ئارىلىقىدا ئەزىمەت چاققانلىق بىلەن قاراقچىنىڭ گېلىغا پىچاق تىقىپ ئۆلگۈرۈپتۇ.

## قۇياش

### سۇ شى

بىر تۇغما ئەما قۇياشنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ كۆزى روشەن كىشىلەردىن سوراپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «قۇياشنىڭ شەكلى مىس تاۋاققا ئوخشايدۇ» دەپتىكەن، ئۇ مىس تاۋاقنى چېكىپ بېقىپ ئۇنىڭدىن چىققان سادانى ئاڭلاپتۇ.



بىر كۈنى، ئۇ قوڭغۇراق ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ، ھە، بۇ قوياشتىن
چىقىۋاتقان ئاۋاز دەپ ئويلاپتۇ.
بەزىلەر ئۇنىڭغا: «قوياشنىڭ نۇرى
شامدىن چىققان يورۇقلۇققا
ئوخشايدۇ» دەپتىكەن، ئۇ قوياش-
نىڭ شەكلىنى بىلىش ئۈچۈن
شامنى سىلاپ بېقىپتۇ.
بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ قولىغا
نەي ئورۇلۇپتىكەن، ئۇ، ھە، بۇ
قوياش ئىكەن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

قوياش بىلەن قوڭغۇراق بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، ئەما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ قوياشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىغان، خالاس.

## سىياھبېلىقنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى

**لىن فاڭ**

دېڭىزدا تۈگۈلۈۋېلىپ ياشايدىغان بىر بېلىق بار، ئۇ سىياھبېلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قورسىقىدا سىياھ بولۇپ، ئۆزگەندە ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قورسىقىدىكى سىياھنى سۇغا قويۇپ بېرىدۇ.

بېلىقچىلار دائىم ئۇ قويۇپ بەرگەن سىياھنى بويلاپ ئۇنى تۇتىدۇ. بىچارە بېلىق ئۆزىنى قوغدايمەن دەپ قويۇپ بەرگەن سىياھنىڭ كاساپىتىدىن تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇستاتلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويىدىغان كىشىلەر مۇشۇ بېلىقتىن ساۋاق ئېلىشى كېرەك!

# بىلىق تۇتۇش

لىن فاڭ

«ئا»، «ب» ئىككى بوۋاي بېلىق تۇتۇپتۇ.

«ئا» بوۋاي ئانچە ھايالشىمايلا بىرمۇنچە بېلىق تۇتۇۋاپتۇ، «ب» بوۋاي كەچكىچە ئولتۇرۇپمۇ بىرەر تال بېلىق تۇتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقىدا قارمىقىنى چۆرۈۋېتىپ «ئا» بوۋايدىن:

— ئىككىمىزنىڭ يەمچۈكىمىز ئوپمۇئوخشاش، بېلىقنىمۇ بىر يەردە تۇتۇۋاتىمىز، شۇنداق تۇرۇپ سەن نېمىشقا جىق بېلىق تۇتالايسەن، مەن بىرەر تالنىمۇ تۇتالمايمەن، — دەپ سوراپتۇ.

«ئا» بوۋاي:

— مەن قارماق سالغىنىمدا قارماقنى ياخشى سېلىشنىڭ كويىدىلا بولىمەن، بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىغە ئالدىراپ كەتمەيمەن. كۆزۈمنى ئالاچەكمەن قىلماستىن پېتىمدىن چۈشمەي ئولتۇرىمەن، تۇرقۇمدىن بېلىق تۇتىدىغاندەك ئالامەت چىقمايدۇ. بۇنى كۆرگەن بېلىقلار خاتىرجەم بېرىپ يەمچۈككە ئېغىز



تەگكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ئاسانلا تۇتۇۋالىمەن. سىنىڭ ئەس ـ يادىڭ بىلىقتا، كۆزۈڭ بىلىقتا، پۈتۈن تۇرقۇڭدىن بىلىق تۇتۇشقا بىتاقەتلىك چىقىپ تۇرغاچقا، بىلىقلار قورقۇپ يەمچۈككە يېقىن كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

«ب» بوۋاي «ئا» بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتىكەن، دېگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە تال بىلىق تۇتۇۋاپتۇ.

## يىڭچيۇلۇقنىڭ تەبىرى

### «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى»

يىڭچيۇدا بىر دۆت موللا بار ئىكەن. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ، مۇنازىرىلىشىپلا يۈرىدىكەن، لېكىن بىرەر نەرسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئەيزىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ھارۋىلا بولىدىكەن ئاستىغا كولدۇرما ئېسىپ قويۇلىدىكەن، تۆگىنىڭمۇ بوينىغا كولدۇرما ئېسىلىدىكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھارۋا بولامدۇ، تۆگە بولامدۇ، بۇ نەرسىلەر بەكمۇ كالانپاي، يوغان، يەنە كېلىپ كېچىسى يول يۈرىدۇ. يوللار ئەگرى ـ توقاي ھەم تار بولغاچقا، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ھارۋا ـ تۆگىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشىدىن، شۇنداقلا بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كولدۇرما ئېسىلىدۇ. يىراقتىن كېلىۋاتقان كولدۇرما ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھارۋا ـ تۆگىلەر بىر ـ بىرىگە يول بوشىتىپ تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— قارىسام ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگىمۇ قوڭغۇراق ئېسىلىدىكەن، ئۇلارمۇ كېچىسى يول يۈرگەندە بىر ـ

بىرىگە يول بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟

— ئەجەبمۇ كاللاڭ ئىشلىمەيدىكەن، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ قۇشلار ئېگىزگە ئۇۋا سېلىشقا ئامراق بولغاچقا، ھەممە يەرنى قۇش مايىقى قاپلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مۇنارغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئۇنى ھارۋا ـ تۆگە بىلەن سېلىشتۇرغىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟

— بۇركۇت، قۇرغۇيلارنىڭ قۇيرۇقىغىمۇ قوڭغۇراق ئېسىپ قويىدىكەن، قۇشلار ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇۋا سالمىسايا. — دەپتۇ يىڭچىيۇلۇق يەنە.

ئەيزى قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەستا، ئەجەب كالۋا ئادەم ئىكەنسەن، بۇركۇت، قۇرغۇيلار ھايۋانلارنى تۇتۇشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلار بەزىدە قېلىن چاتقاللار ئارىسىغا كىرگەندە پۇتىدىكى شوينىسى شاخ ـ پۇتاقلارغا ئىلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇنداق چاغدا ئۇلار پالاقلاپ قانات قاقسا قۇيرۇقىدىكى قوڭغۇراق جاراڭلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قوڭغۇراق ئاۋازى چىققان جايغا بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بۇنى سەن ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا قۇشلار چاڭگا تىزىۋالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلامدۇ، دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟

يىڭچىيۇلۇق كىشى يەنە بولدى قىلماپتۇ:

— مېيىت ئۇزىتىۋاتقانلارنىڭ قولىدا كولدۇرما، ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم، بۇرۇن ئۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي يۈرگەنىدىم، ئەمدى ئۇقۇۋالدىم، ئۇلارنىڭمۇ پۇتىدىكى شوينا شاخلارغا ئىلىنىپ قالسا، ئۇلارنىمۇ ئىزلەپ تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن. شۇغىنىسى، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ پۇتىدىكى شوينىنىڭ تېرىدىن ياكى كەندىردىن ئېشىلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم دېسە.

جۇدۇنى تۇتقان ئەيزى زەردە بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئۇ كولدۇرما كۆتۈرۈۋالغانلار ئۆلۈككە يول باشلاپ

ماڭغانلار. چۈنكى ئۇ ئۆلۈك ھايات ۋاقتىدا پەلىپەتىش گەپنى تولا قىلىپ خەق بىلەن گەپ تالىشىدىغان كالۋا ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈكنى خۇش بولسۇن دەپ كولدۇرمىنى توختىماي چېلىپ ماڭىدۇ، — دەپتۇ.

## پاقا

### «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى»

ئەيزى دېڭىز سەيرى قىلىپ كېچىسى بىر ئارالدا تۈنەپتۇ، كېچىسى ئۇنىڭغا سۇ ئاستىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، يەنە ئادەم گەپلىشىۋاتقاندەك زاھىر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئاڭلاپتۇ.

— تۈنۈگۈن ئەجدىھاشاھ پەرمان چۈشۈردى. سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئارىسىدا قۇيرۇقى بارلىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. مەن تىمساھ بولغاچقا بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن. سىلەر پاقىلارنىڭ قۇيرۇقۇڭلار يوق تۇرۇپ نېمىشقا يىغلايدىغانسىلەر؟ — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پاقا:

— تەلىيىمگە ھازىر قۇيرۇقۇم يوق، لېكىن قۇمچاق ۋاقتىمدىكى قۇيرۇقۇمنى سۈرۈشتە قىلىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

## ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق

### «ئەيزى ئەبجەش ھېكايىلىرى»

چى بەگلىكىدە ناھايىتىمۇ باي بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئىككى ئوغلى بولسىمۇ، ئەزەلدىن بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن.

بىر كۈنى، ئەيزى ئۇ بايغا:

— بالىلىرىڭ خېلى قاملاشقان بالىلار، ئەمما ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يوللىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. ئۇلار كەلگۈسىدە ئائىلىسىنى قانداقمۇ باقار؟ — دەپتىكەن، باينىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كېلىپ:

— بالىلىرىمنىڭ ئەقلى يەتكۈچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئىقتىدارلىق، تىرىكچىلىك يوللىرىدىن خەۋىرى يوق دېيىشىڭىز قاملاشماس، — دەپتۇ.

— باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن يەۋاتقان گۈرۈچىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆرەيلى. ناۋادا ئۇلار توغرا جاۋاب بېرەلىسە، مەن قارىسىغا گەپ قىلغان بولاي، — دەپتۇ ئەيزى.

باي بالىسىنى چاقىرتىپ كىرىپ، گۈرۈچىنىڭ قەيەردىن چىقىدىغىنىنى سوراپتىكەن، بالىسى ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— شۇنىمۇ بىلمەيدىغان كالۋامىدۇق بىز، نەدىن چىقاتتى، گۈرۈچ خالتىسىدىن چىقىدۇ شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باينىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— قانداق كالۋا نېمىسەن؟ گۈرۈچ دېگەن ئېتىزدىن چىقامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئەيزى:

— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق دېگەن شۇ - دە! — دەپتۇ.

## گۈشنى ئويۇپ گۆھەر يوشۇرۇش

### سۇڭ ليەن

دېڭىزدا جاۋاھىراتلار چېچىلىپ ياتقان بىر باغ بار ئىكەن. بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوغان بىر گۆھەرگە ئىگە بولۇپ

ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ مېڭىپتىكەن، بىر ەر يۈز چاقىرىم ماڭار ـ ماڭمايلا قارا بوران چىقىپ ئاسمان ـ پەلەك دولقۇنلار كېمىگە ئۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ. سۇ ئەجدىھاسى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقاپ، كېمىدىكىلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سापتۇ. كېمىچى ئۇ كىشىگە:

— سۇ ئەجدىھاسى گۆھەرگە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى دەرھال دېڭىزغا تاشلىۋەت، بولمىسا جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم يا گۆھەرنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي، يا شېرىن جېنىدىن كېچەلمەي تەڭقىسلىقتا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلاپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇ يوتىسىنى ئويۇپ، ئويمان يەرگە گۆھەرنى يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن، دېڭىز دولقۇنى شۇ هامان پەسلەپتۇ.

ئەمما، ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ يوتىسى شەلۋەرەپ، گۆشى سېسىپ ئۆلۈپتۇ.

## سۇ جەمەتىنىڭ مۈشۈكلىرى

### سۇڭ لىيەن

ۋېي بەگلىكىدە سۇ فامىلىلىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھېچنېمىگە قىزىقمايدىكەن. پەقەت مۈشۈك بېقىشقىلا ھېرىس ئىكەن. ئۇ يۈزدىن ئوشۇق مۈشۈك بېقىپتۇ. ئۇ مۈشۈكلەر ئەتراپىدىكى چاشقانلارنى پاك ـ پاكىز يەۋېتىپتۇ. يېگۈدەك چاشقان قالمىغاندىن كېيىن قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىمىغان مۈشۈكلەر مياۋلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ فامىلىلىك ئۇلارنى كوندە گۆش ئېلىپ بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇ مۈشۈكلەر ئاسلانلاپتۇ، ئاسلانلىرى يەنە ئاسلانلاپتۇ. ئاسلانلار تەييار گۆشنى يەپ چوڭ بولۇۋېرىپتۇ، بېرىپ ـ بېرىپ

ئۇلار بۇ دۇنيادا چاشقان دەيدىغان بىر نىمىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەس ھالغا كەپتۇ. ئۇلار قورسىقى ئاچسا مىياۋلايدىكەن، مىياۋلىسىلا ئالدىغا گۆش كېلىدىكەن. قورسىقى تويسىلا ئۇخلايدىكەن.

شەھەرنىڭ جەنۇبىدا بىر ئائىلىلىك ياشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقان شۇنچىلىك ئاۋۇپ كېتىپتۇكى، سۇ قويىدىغان كۇپلىرىنىڭ ئىچىگىمۇ چۇشۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى دەرھال بېرىپ سۇ ئائىلىسىدىن مۇشۇك ئارىيەتكە ئەكەپتۇ.

مۇشۇك قۇلاقلىرى دىك، كۆزلىرى قارا مارجان پاتۇرۇپ قويغاندەك پارقىراق، قىزىل بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان، چىر - چىر چىرقىرىشىدىغان غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ، بۇ نىمىدۇ؟ دەپ چاشقانلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنى تۇتۇش خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ.

ھېلىقى مۇشۇك ئارىيەت ئەكەلگەن ئادەمنىڭ چىشى قېرىشىپ، مۇشۇكنى چاشقانلار تەرەپكە ئىتتىرىپ بېقىپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن مۇشۇك چاشقانغا قاراپ مىياۋلاپلا تۇرۇپتۇ. مياۋلاشتىن باشقا كارامىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالغان چاشقانلار بېرىپ، ئۇنىڭ پەنجىلىرىنى غاجىلاشقا باشلاپتۇ. نىمە قىلارىنى بىلەلمىگەن مۇشۇك پەرتىمدە قېچىپ كېتىپتۇ.

## قاغا بىلەن سىچۇەن توخۇسى

### سۇڭ ليەن

تۇنزى دېگەن جايدا بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇنىڭ پەيلىرى رەڭگارەڭ، بوينىنىڭ پېيى قىپقىزىل، يوغان بىر توخۇسى بار ئىكەن. بىر توپ چۇجە ئۇ توخۇنىڭ ئەتراپىدا چۇرۇقلىشىپ دانلاپ يۈرىدىكەن.

توساتتىن بىر سار يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ، چۇجە

ئالماقچى بولۇپ پەسلەپتۇ. مېكىيان دەرھال چۈجىلىرىنى قانىتى ئاستىغا ئېلىۋاپتىكەن، سار بىر تال چۈجىمۇ ئالالماستىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن بىر قاغا ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، چۈجىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ دانلاپتۇ. مېكىيان ئۇنى ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاغا بىلەن ھەممە ئىشتا بىللە بولۇپ ئۇنىڭغا كۆنۈپلا قاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، قاغا بىر چۈجىنى چىشلىگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىچارە مېكىيان قاغىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئۆكۈنۈپ ئاسمانغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

## ھاماقەتنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى

### سۇڭ ليەن

يۈ بەگلىكىدىكى چېڭ ياڭكەننىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتىكەن، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە شوتا تاپالماپتۇ. ئۇ ئوغلى چېڭ ياڭنۇنى بىر شۈيشىلارنىڭ ئۆيىدىن شوتا ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

چېڭ ياڭنۇ ئۇستۇۋاشلىرىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋېتىپ لاغايلاپ ماڭغىنىچە بىر شۈيشىلارنىڭكىگە كەپتۇ. ئۇ بىر شۈيشىنى كۆرۈپ، ئېھتىرام بىلەن ئۈچ قېتىم قوش قوللاپ تەزىم قىپتۇ، ئاندىن مېھمانخانىغا سالماق قەدەم بىلەن كىرىپ پېتىدىن چۈشمەي ئولتۇرۇپتۇ.

بىر شۈيشى خىزمەتكارلىرىغا دەرھال زىياپەت داستىخىنى راسلاشنى بۇيرۇپتۇ. زىياپەت باشلىنىپتۇ. چېڭ ياڭنۇ قولىغا قەدەھنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شارابنى ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ ئىچىپتۇ، ئاندىن ساھىبخانىغا قەدەھ تۇتۇپتۇ. شارابلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ساھىبخانا ئۇنىڭدىن:

— غېرىب كۈلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدا بىرەر



مەقسەت ـ مۇددىئايىڭىز بارمىدى؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، چېڭ ياڭنۇ تەۋازۇ بىلەن:

ــ تەڭرى بېشىمىزغا كۈلپەت ـ ئاپەت ياغدۇردى. ئۆيىمىزگە ئوت كېتىپ، يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلىدى. ئوتنى ئۆچۈرەيلى دېسەك ئېگىزگە چىقىش بەسى مۇشكۈل بولدى. تەڭرى بىزدىن بىر جۈپ قاناتنى ئاياپتىكەن. غېرىب خانىمىزدىكىلەرنىڭ ئوتقا قاراپ ئاھ ئۇرۇشتىن باشقا ئاغى ـ چارىسى بولمىدى. ھۇزۇرىڭىزدا شوتا باركەن دەپ ئاڭلىدۇق، مالال كۆرمەي بېرىپ تۇرارسىزمىكىن؟ ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىن شۈيشى ئاچچىقىدىن يەرنى تېپىپ كېتىپتۇ:

ــ قانداق ھاماقەت نېمىسەن؟! تاغدا غىزاغا ئولتۇرغاندا يولۋاس كېلىپ قالسا ئاغزىڭغا سالغان لوقمىنى تۈكۈرۈۋېتىپ قېچىشىڭ كېرەك ! ئۆستەڭدە پۇتۇڭنى يۇيۇۋاتقاندا تىمساھ ئۇچراپ قالسا ئايىغىڭنى تاشلاپ قېچىشىڭ كېرەك ! ئۆيۈڭگە ئوت كەتسە، سەن بۇ يەردە قوش قوللاپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، قەدەھ تۇتۇپ يۈرۈيسىنا؟!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالمان ـ تالمان شوتىنى كۆتۈرۈپ ھاماقەتنىڭ كەينىدىن چىپىپتۇ، ئەمما ھاماقەتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆي ئالىلقاچان كۆلكە ئايلىنىپ بوپتۇ.

## چاشقاننى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش

سۇڭ ليەن

چاشقان كېچىسى ئاشلىق ئوغرىلاپ يەيدىكەن. يۇ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم قەستەن دانلارنى داسقا سېلىپ قويۇپ كارى بولماپتۇ. چاشقانلار بىر ـ بىرىنى باشلاپ كېلىپ، داسنىڭ ئىچىگە كىرىپ تويغۇچە يەپ كېرىلىپ كېتىشىدىكەن. چاشقانلار بۇ خىل جان بېقىشقا كۆنگەندىن كېيىن ئۇ كىشى داسنىڭ ئىچىدىكى دانلارنى ئېلىۋېتىپ لىق سۇ توشقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئۇستىگە لەيلىتىپ شېكەر چېچىپ قويۇپتۇ.

بۇ قىلتاقتىن خەۋىرى يوق چاشقانلار يەنە كېچىسى ئولىشىپ كېلىپ دان يېمەكچى بولۇپ داسنىڭ ئىچىگە چۈشۈپتۇ، نەتىجىدە ھەممىسى تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

## قىلتاققا چۈشكەن ياۋا غازلار

سۇڭ ليەن

تەيخۇ كۆلىنىڭ ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن يېرىدە ياۋا غازلار تۇرىدىكەن. ئۇلار كېچىسى بىخەتەر جاينى تاللاپ تۈنەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەپ بىر ياۋا غازنى كۆزەتچىلىككە تۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئۇ ياۋا غاز ئەتراپنى چارلاپ، ئادەمنىڭ شەپىسى كەلگەن ھامان غاقىلداپ خەۋەر بېرىدىكەن. شۇڭا، ياۋا غازلار خاتىرجەم ئۇخلايدىكەن.

كۆلنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى

بىلىۋاپتۇ ـ دە، كېچىسى ئۇتقاشلارنى يورۇتۇپتۇ. ئوت يورۇقىنى كۆرگەن كۆزەتچى ياۋا غاز قاتتىق غاقىلداپتىكەن، ئۇخلاۋاتقان ياۋا غازلار ئويغىنىپ هوشيارلىق بىلەن ئەتراپقا قاراپتۇ. ئۇنىڭغىچە ئادەملەر ئۇتقاشلىرىنى سۇغا تىقىپ ئۆچۈرۈپ ئۆلگۈرۈپتۇ. هېچقانداق خەتەرنى سەزمىگەن ياۋا غازلار قايتىدىن ئۇيقۇغا چۆشۈپتۇ.

ئادەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ـ تۆت قېتىم مۇشۇ هۈنىرىنى ئىشقا سالپتۇ. كۆزەتچى ياۋا غاز غاقىلداۋېرىپتۇ، ياۋا غازلار ئويغىنىۋېرىپتۇ. هەر قېتىم ئويغىنىپ قارىسا هېچ ئىش يوقمىش. بىزنى ئالداپ ئەخمەق قىلىپ ئويناپتۇ دەپ قالغان ياۋا غازلار كۆزەتچى غازنى چوقىلاپ راسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ.

بىرپەستىن كېيىن هېلىقى ئادەملەر يەنە ئۇتقاشلىرىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. قېرىنداشلىرىدىن ئەدىپىنى يېگەن كۆزەتچى ياۋا غاز غاقىلداشتىن قورقۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئادەملەر شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ياۋا غازلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋاپتۇ.

## قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل

### ليۇ جى

گۇڭ جىچياۋ ئەلا سۈپەتلىك شەمشاد ياغىچىغا ئىگە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ شەمشاد ياغىچىدىن بىر دانە قالۇن ياساپتۇ. ئۇنىڭغا تار سىلىپ چېلىپ بېقىپتىكەن، ئاۋازى كۆڭۈللەرنى لال قىپتۇ. ئۇ ئۆزىچە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى قالۇن دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئوردا سازەندىلەر باشلىقىغا تارتۇق قىپتۇ. سازەندىلەر باشلىقى ئۇ قالۇننى ئەل ئىچىدىكى ئەڭ ئۇستا چالغۇ ياساش ماهىرىغا كۆرسىتىپتىكەن، چالغۇ ياساش ماهىرى ئۇنى ياراتماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سازەندىلەر باشلىقى ئۇ قالۇننى گۇڭ جىچياۋغا

قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

گۆۋك جىچياۋ قالۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، سىرچى تەكلىپ قىلىپ قالۇننىڭ ئۈستىگە ھەر خىل سىزىقلارنى چىقىرىپ سىرلاپتۇ. ئۇ يەنە نەققاش تەكلىپ قىلىپ قالۇننىڭ ئۈستىگە قەدىمىي يېزىقنىڭ ئۇسلۇبىدا بىرنېمىلەرنى ئويدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنى ساندۇققا قاچىلاپ كۆمۈۋېتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ قالۇننى ئېچىپ بازارغاساپتۇ. بىر زەردار ئۇنى كۆرۈپ، يۈز جىڭ ئالتۇنغا سېتىۋاپتۇ ـ دە، قىممەتلىك نەرسە سۈپىتىدە ئوردىغا تەقدىم قىپتۇ. ئوردا چالغۇچىلىرى ئۇنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ:

ــ پاھ، بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر ئىكەنغۇ! ــ دەپ ماختاپ كېتىشىپتۇ.

## يولۋاس شەكلىدە كۆرۈنۈش

### ليۇ جى

چۇ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم تۈلكىنىڭ دەردىنى تولا تارتىپتۇ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇنى تۇتاي دەپمۇ تۇتالماپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

ــ يولۋاس دېگەن ئەڭ يىرتقۇچ ھايۋان، جىمى ھايۋان ئۇنى كۆرگەن ھامان قورققىنىدىن ماڭالماي، يەرگە چاپلىشىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتىدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئۇ كىشى يولۋاسنىڭ مودېلىنى ياسىتىپ، ئۈستىگە يولۋاس تېرىسىنى ئارتىپ، دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا تۈلكە كەپتۇ. ئۇ ھۈرپىيىپ تۇرغان «يولۋاس»نى كۆرۈپ يىقىلىپ چۈشۈپتىكەن، ھېلىقى ئادەم ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى، ياۋا چوشقا كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ زىرائەتلىرىنى




پايخان قىلىۋېتىپتىكەن، ئۇ باشقىلارغا يولۋاسنىڭ مودېلىنى دەرەخلىككە بۆكتۈرمە قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئوغلى يالمانىنى تۇتۇپ چوڭ يولدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا، ئېتىز دىكىلەر ياۋا چوشقىغا قاراپ چۇقان كۆتۈرۈپتىكەن، ياۋا چوشقا ئۆزىنى دەرەخلىككە ئېتىپتۇ، ئېتىپتۇيۇ، ئۇ يەردىكى «يولۋاس»نى كۆرۈپ ئارقىسىغا يېنىپ بەدەر قېچىپتۇ، قېچىپ چوڭ يولغا چىقىپ قاپتىكەن، پايلاپ تۇرغانلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

چۇ بەگلىكىلىك بۇ ئادەم بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا يولۋاسنىڭ مودېلى جىمى يىرتقۇچ هايۋانلارنى بويسۇندۇرالايدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاتقا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر هايۋان يولۋاسنىڭ مودېلى تەرەپكە قاراپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەنلەر دەرهال ئۇنىڭغا:

— ئۇ دېگەن بەك ۋەھشىي، راست يولۋاسمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن، بارساڭ چوقۇم جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئۇ كىشى نەسىھەتكە قۇلاق سالماي ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپتىكەن، ئاتقا ئوخشايدىغان ئۇ هايۋان بىرلا ھۆركىرەپ ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

# يولۋاسنى قۇتقۇلدۇرۇش

## ليۇ جى

ساڭلياڭ تېغىدىكى نەچچە ئېقىن بىرلىشىپ دەرياغا قۇيۇلىدىكەن. بىر راھىب ئېقىنلارنىڭ بىرلىشىدىغان يېرىگە بىر ئىبادەتخانا سايتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى كەلكۈن كېلىپ ئۆيلەرنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، مال ـ چارۋىلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق دەرەخلەرگە، ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ: «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ سۇرەن سايتۇ، يىغا ـ زار ھەممە ياقنى قاپلاپتۇ.

راھىب بىر چوڭ كېمىنى تەييارلاپ، سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلاردىن قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ ئۆزۈن خادا، ئارغامچىلارنى تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىدىن كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەنلەر كېلىشىگە ياغاچ، ئارغامچىلارنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خېلى جىق ئادەمنى ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ.

تاڭ ئېتىشقا يېقىن، دولقۇنلار بىر ھايۋاننى ئېقىتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ سۇدىن پەقەت بېشىلا چىقىقلىق بولۇپ، مېنى كىم قۇتقۇزۇۋالار دېگەندەك قىلىپ ھەريان تەلمۈرۈپ قارايدىكەن.

— ئۇمۇ بىر جان ئىگىسى، دەرھال قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپتۇ راھىب.

كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بېرىپ ئۇ ھايۋاننى قۇتقۇلدۇرۇپ كېمىگە ئاچىقىپ شۇنداق قارىسا يولۋاسىمىش.

يولۋاس دەسلىپىدە خۇدىنى بىلىپ ـ بىلمەي تۇگىنى يالاپ ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن قىرغاققا چىققاندا ئۇ راھىبتىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، كېمىدىكىلەر بۇ نېمە ئىشتۇ

دەپ بولغۇچە يولۋاس راھىبقا بىراقلا ئېتىلىپتۇ، راھىب گوپپىدە يىقىلىپتۇ، ئۇنىڭغىچە كىمىدىكىلەر ئۇنى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. راھىب ئۆلمىگىنى بىلەن ئېغىر زەخىم يەپتۇ.

## يىلان يېيىش

### ليۇ جى

جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىدىكىلەر يىلان يېيىشكە ئامراق ئىكەن. بىر كىشى شىمالغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ نۇرغۇن يىلان گۆشىنى قاق قىلىۋاپتۇ.

ئۇ چى بەگلىكىگە بېرىپتۇ. چى بەگلىكىدىكى بىر ئادەم ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ ساھىبخانىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قۇرۇتۇۋالغان چىپار يىلاننىڭ گۆشىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساھىبخانا كەينىگە بۇرۇلۇپلا قېچىپتۇ. ئۇ كىشى ساھىبخانىنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران قاپتۇ. ئۇ ساھىبخانا سوۋغىتىمنى ئاز كۆرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، خىزمەتكاردىن چوڭ زەھەرلىك يىلاندىن بىرنى ساھىبخانىغا ئەۋەتىپتۇ.

## مايمۇن باققۇچىنىڭ ئاقىۋىتى

### ليۇ جى

چۇ بەگلىكىدە مايمۇن بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى «مايمۇن ھەزرەت» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ھويلىسىغا مايمۇنلارنى قاتار تۇرغۇزۇۋېلىپ ئۇلارغا ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن.

قېرى مايمۇن مايمۇنلارنى تاغقا باشلاپ چىقىپ مېۋە ئۈزۈپ

كېلىدىكەن. ئۇلار ئۆزۈپ كەلگەن مېۋىلەرنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى «مايمۇن ھەزرەت» ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىكەن. ناۋادا بىرەر مايمۇن كەمرەك تاپشۇرۇپ قالسا ئۆلگۈدەك قامچا يەيدىكەن. مايمۇنلار ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلىدىكەن، قارشى چىقاي دېسە قامچا يېيىشتىن قورقىدىكەن.

بىر كۈنى بىر مايمۇنچاق ئۇلاردىن:

— تاغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇ تىككەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مايمۇنلار.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىزمۇ ئۈزسەك بولىدىغاندۇ؟ — يەنە سوراپتۇ مايمۇنچاق.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ مايمۇنلار.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىمىز؟

مايمۇنچاقنىڭ گېپى بىلەن تەڭ مايمۇنلار ئويغىنىپتۇ. شۇ



كونى كېچىسى ئۇلار «مايمۇن ھەزرەت» ئوخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەپەسلىرىنى بۇزۇپ، قاشالارنى ئۆرۈپ، قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك «مايمۇن ھەزرەت»نىڭ يىغىپ قويغان ئېشىنچىلىرىدىن تارتىپ ئەپقېچىپتۇ.

ئۇلار شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. «مايمۇن ھەزرەت» جېنىنى جان ئېتەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

## كۆز بويىماق

### ليۇ جى

بىر كىشى شىرنىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ دەشت ـ باياۋاندا كېتىۋاتسا يولۋاس ئۇچراپ قاپتۇ. شىرنى كۆرگەن يولۋاس بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. يولۋاس مەندىن قورقۇپ قاچتى دەپ قالغان ئۇ كىشى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قاپتۇ.

ئەتىسى، ئۇ تۈلكىنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ بېرىپتۇ. يولۋاس يەنە ئۇچراپتۇ. بۇ قېتىم يولۋاس ئۇنىڭدىن قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاراپ ھۆرپەيگىنىچە تۇرۇۋېتىپتۇ. يولۋاسنىڭ ئۆزىدىن قورقۇپ قاچمىغىنىغا قورسىقى كۆپكەن ئۇ ئادەم ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ سۆرەن سېلىپتىكەن، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان يولۋاس ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يەۋېتىپتۇ.

## ئاپەتنىڭ نېگىزى چاشقان

### ليۇ جى

جاۋ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم چاشقان ئاپىتى يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ، جۇڭشەن بەگلىكىدىن بىر مۈشۈك ئەكەپتۇ. بۇ مۈشۈك چاشقان تۇتۇشقا ئۇستا بولۇپ قالماستىن، توخۇنىمۇ

ئەدىپنى بىرىدىكەن.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە چاشقان قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە توخۇنىڭ تۇخۇمىمۇ قۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى غەم يەپ:

— مۇشۇكنى كەلگەن جايىغا ئاپىرىۋېتەمدۇقىيا؟ — دەپتىكەن، دادىسى:

— جاھاننىڭ رەپتارىغا قاراپ ئىش كۆر، بالام. بىزگە ئاپەت توخۇدىن ئەمەس، چاشقاندىن كېلىدۇ. دىمەكچى بولغىنىم، چاشقاننى يوقاتمىساق ئاشلىقىمىزنى ئوغرىلاپ يەيدۇ. كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى قىرقىپ قويىدۇ، تاملىرىمىزنىڭ ئۇلىنى كولاپ تۆگەشتۈرۈۋېتىدۇ، قورال - سايمانلىرىمىزنى غاجىلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاچ قېلىش، سوغۇقتا قېلىشتەك ئاقىۋەتكە قالىمىز. بۇ توخۇسىز قالغىنىمىزدىن يامان ئەمەسمۇ؟ توخۇيىمىز بولمىسا ناھايىتى كەتسە توخۇ يېمەسمىز، بۇ ئاچ قېلىش، سوغۇقتا قېلىشتىن ياخشىراق. شۇنداق ئىكەن، مۇشۇكنى ئاپىرىۋېتىپ نىمە قىلىمىز؟ — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

## چاڭ ياڭنىڭ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىشى

### ليۇ جى

چاڭ ياڭ تۇلۇڭ زىجۇدىن ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بوپتىكەن، تۇلۇڭ زىجۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ساڭا ئالدى بىلەن ئوقيا ئېتىشتىكى ئەپنى دەپ بىرەيمۇ؟ بۇرۇنىسىدا، چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى يۇنمېڭزى دىگەن يەردە ئوۋ ئوۋلاپتۇ. شۇ يەرلىكلەرگە ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئورمانلىقتىكى جىمى ھايۋانلار پىتىراپ

كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچىدىغانلىرى ئۇچۇپتۇ، قاچىدىغانلىرى قېچىپتۇ. ھېلى بىر مارال ئۇنىڭ سول يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ-تۇ. چۇ بېگى ئوقياسىنى بەتلەپ ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئاق قۇ بېشىنىڭ ئۈستىدىنلا ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئوقياسىنى دەرھال ئاق قۇغا تەڭلەپتۇ، ئاق قۇنى ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرسا يەنە قىرغاۋۇل ئۇچۇپ كەپتۇ. چۇ بېگى ئوقياسىنى ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا چەنلەپ، ئۇ جاندارلارنىڭ قايسىسىنى ئېتىشنى بىلەلمەي تۇرسا، ئۇنىڭ قېشىغا ياڭشۇ ئىسىملىك بىر مەنسەپدار كېلىپ ئۇنىڭغا: «مەن ئوقيا ئاتقاندا بىر تال يوپۇرماقنى يۈز قەدەم نېرىسىغا قويۇپ چەنلەپ ئون قېتىم ئاتسام ئون قېتىم تەگكۈزىمەن؛ ئوخشاش بىر يەرگە ئون تال يوپۇرماق قويۇپ ئاتسام، ئۇلارغا تەگكۈزۈش ـ تەگكۈزەلمەسلىكىمگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن» دەپتۇ.

## ئارزاڭ ئوغرىلاش

### ليۇ جى

بۇرۇنلاردا لۇ بەگلىكىدىكىلەر ياخشى ھاراق ئېچىتالمايدىكەن. جۇڭشەن بەگلىكىدىكىلەرنىڭ «مىڭ كۈنلۈك ھاراق» ى داڭلىق ئىكەن. لۇ بەگلىكىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ھاراق ئېچىتىشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەپتۇ.

لۇ بەگلىكىدىكى بىر كىشى جۇڭشەن بەگلىكىدە ئەمەل تۇتۇپ، ھاراق ئېچىتىدىغان بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، قوپۇپتۇ. ئۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن بىر ئاز ئارزاڭ ئوغرىلاپ كېتىپ، لۇ بەگلىكىنىڭ ھارىقىنى چىلاپ ئېچىتىپ كىشىلەرگە:

ـــ مانا بۇ ھەقىقىي جۇڭشەن بەگلىكىنىڭ ھارىقى! ـــ دەپ ماختىنىپتۇ.

لۇ بەگلىكىدىكىلەر بۇ هاراقنى ئىچىپ ھەقىقىي جۇڭشەن هارىقى ئىكەن دەپ قاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ جۇڭشەندە تونۇشقان هاراق ئىچىتىش ئۇستىسى لۇ بەگلىكىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە ياخشى هاراق بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، تېتىپ باققىلى كەپتۇ. ئۇ هاراقنى ئاغزىغا ئالار ـ ئالماي تۈكۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە:

— هۆ! بۇنى قانداقمۇ جۇڭشەن هارىقى دېگىلى بولسۇن؟ مېنىڭ هارىقىمنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىكەنغۇ! — دەپتۇ.

## غار ـ غار ئۆردەكنىڭ تۇزاققا چۈشۈشى

### گېك دىڭشياڭ

بىرەيلەننىڭ بىلىق كۆلچىكىگە بىر توپ غار ـ غار ئۆردەك ھە دېسە كېلىپ ئارام بەرمەي بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدىكەن. كۆلچەك ئىگىسىنىڭ بېشى تازىمۇ قېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غار ـ غار ئۆردەكلەرنى قورقىتىش ئۈچۈن بىر قارانچۇق ياساپ، ئۇستىگە چۆپتىن ياسالغان چاپان، بېشىغا چىغ قالپاق كىيدۈرۈپتۇ، قولىغا بامبۇك تاياق تۇتقۇزۇپ، تاياقنىڭ بىر ئۇچىنى كۆلچەككە سانجىپ قويۇپتۇ.

دەسلىپىدە ئۇ غار ـ غار ئۆردەكلەر قارانچۇقتىن ئۈركۈپ پەسكە چۈشەلمەي بوشلۇقتا ئەگىپلا يۈرۈپتۇ، بىرىپ ـ بىرىپ ئۇ قارانچۇقنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، غەم تارتماي كۆلچەككە چۈشۈپ، بېلىقنى تۇتۇپ يەۋېرىپتۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخى ئۇلار قارانچۇقنىڭ بېشىغا، مۈرىلىرىگە قونۇپ ئارام ئاپتۇ.

بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر ئادەم بىر كۈنى كېچىسى قارانچۇقنى ئېلىۋېتىپ، ئەتىسى ئۆزى ئۇنىڭ چىغ قالپاق، چۆپ چاپىنىنى كىيىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ. غار ـ غار ئۆردەكلەر بېلىق تۇتۇپ يەپ قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئادىتى

بويىچە ئۇنىڭ بېشىدا ئارام ئاپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى ئۆزىتىپلا ئىككى غار ـ غار ئۆردەكنىڭ پاچىقىدىن تۇتۇۋاپتۇ. ئۆردەكلەر ھەرقانچە پالاقلاپمۇ ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەپتۇ.

## تورنىڭ قانىتىنى ئايىشى

### گېڭ دىڭشياڭ

ئەركەك تورنىڭ رەڭگارەڭ قانىتى شۇنچىلىك گۈزەللىكى، ھەرقانچە ئۇستا رەسساممۇ ئۇنىڭ قانىتىدىكى جۇلانى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە توز تولىمۇ ھەسەتخور، رەڭدار كىيىم كىيگەن ئوغۇل ـ قىزلارنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ئىچى تارلىقىدىن «ھاي» دېگەنگە ئۇنىماي قوغلاپ بېرىپ چوقۇلايدۇ. تاغلاردا قونماقچى بولسا، ئاۋۋال چىرايلىق قانىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك جايلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئارام ئالىدۇ.

ھەتتا يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئۇۋۇچىلار كېلىپ قالسا، قانىتىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇۋۇچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

## ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇش

### ليۇ يۈەنچىڭ

گەپ تىڭشايدىغان بىر خىل يىلان بار ئىكەن، دائىم بوغما ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى زەھەرنى شورايدىكەن، ئاندىن يول بويىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئادەملەرنى پايلاپ ياتىدىكەن. ئادەم ئۆتكەن ھامان ئېتىلىپلا چېقىۋالىدىكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئادەمنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ماڭىدىكەن، ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازنى تىڭشايدىكەن. ئۆي

ئىچىدىن يىغا ـ زار چىقسا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزم قىلىدىكەن ـ دە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ كېتىدىكەن. يىغا ـ زار چىقمىسا ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپلىنىپ يەنە ئادەم چاقىدىكەن.


## كۈچۈكنىڭ ئانىسىنى قۇتۇلدۇرۇشى

### ليۇ يۈەنچىڭ

گۆيشىڭ كەنتىدىكى جاۋ ۋۇ ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ قانجۇقى كۈچۈكلەپتۇ. كۈچۈك ئىككى ئايلىق بولغاندا، بىر كۈنى ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتسا، بىر يولۋاس قانجۇقنى كاپپىدە چىشلىگىنىچە ئەپقېچىپتۇ.

جاۋ ۋۇ قولۇم ـ قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇلار قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ يولۋاسنى قوغلاپتۇ، ئەمما يولۋاسنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا يېتىشەلمەپتۇ. لېكىن، كۈچۈك قىلچە بوشاشماستىن قوغلاپ، يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىنى چىڭ چىشلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ. يولۋاس قېچىۋېرىپتۇ، كۈچۈكمۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بەرمەپتۇ. كۈچۈكنىڭ بەدىنىنى خوخا ـ تىكەنلەر تىلىپ، تېرىسى ئېچىلىپ قالايلا دەپتۇ، ئەمما ئۇ قىلچە بوشاشماپتۇ.

يولۋاس قۇيرۇقىنى چىشلىۋالغان كۈچۈكنىڭ دەستىدىن



بۇرۇنقىدەك ئۇنداق تېز يۈگۈرەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ.

## كېمە ھەيدەشنى ئۆگىنىش

### ليۇ يۈەنچىڭ

چۇ بەگلىكىدە بىر ئادەم كېمە ھەيدەشنى ئۆگىنىپتۇ. دەسلىپىدە ئۇ ئىتتىك ھەيدەش، ئاستا ھەيدەش، كېمىنىڭ بېشىنى بۇراش، جىددىي بۇرۇلۇشلاردا ئۇستىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ كىچىك ئارالچاقلارنىڭ ئارىسىدا كېمە ھەيدەپ ئۆزىنى سىناپ بېقىپتۇ. قارىسا ئۇ كېمىنى قانداقلا ھەيدىسە ھېچ يەرگە تاقاشماي غىرىلداپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنىڭغا قاراپ ئۇ، ھە، كېمە ھەيدەش تېخنىكىسىنى سۇدەك ئىچىۋاپتىمەن، دەپ قاپتۇ ـ دە، ئۇستىسىنى يولىغا سېلىۋېتىپ ئۆزى كېمىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ مېڭىپتۇ.

توساتتىن ئۇ جىددىي ئېقىن، خەتەرلىك دومبىلچەككە دۇچ كەپتۇ. كېمىسىنى باشقۇرالماي ئەلەڭلەپ تۆت ئەتراپىغا تەلمۈرۈپتۇ. ئەمما، كېمىنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كەتكەچكە، پالاق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاخىر كېمە بىلەن بىللە ھالاك بوپتۇ.

## گۇمان ئىشەنچنى يوقىتار

### ليۇ يۈەنچىڭ

بۇرۇن چۇ بەگلىكىدىكى بىر كىشى دوستىنىڭكىدە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇنىڭ خىزمەتكارى دوستىنىڭ كەشىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق چۇ بەگلىكلىك كىشى

خىزمەتكارنى كەش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا ئەۋەتىپتۇ. خىزمەتكار ئۇ بەرگەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ھېلىقى ئوغرىلىنىۋالغان كەشنى ئۇنىڭغا بازاردىن ئەكەلدىم دەپ بېرىپتۇ. خوجايىنى ئۇقمىغاچقا ئۇ كەشنى كىيىپ يۈرۈپتۇ.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، دوستى ئۆزىنىڭ يىتۈپ كەتكەن كەشنى ئۆيىدە قونۇپ قالغان دوستىنىڭ پۇتىدا كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. كۆڭلىدە بولسا: «مۇشۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ يۈرۈۋىدىم، كەش ئوغرىسى راستلا مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۇ بەگلىكىلىك دوستىدىن كېچىپ كېتىپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن ئىش ئاشكارىلىنىپتۇ. كەشنى ئوغرىغا بەرگەن دوستى قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ ۋە چۇ بەگلىكىلىك دوستىنىڭ ئىشىكىگە: «بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنى بۇزمىساق» دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇپتۇ.

## كۆلكىلىك نەنچىلىكلەر

### ليۇ يۈەنچىڭ

سىچۈەننىڭ تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان نەنچى دېگەن يەرنىڭ سۈيى تاتلىق بولسىمۇ، سۈپىتى ياخشى ئەمەس ئىكەن. بۇ سۇنى ئىچكەنلىكى ئادەم پوقاق بولماي قالمايدىكەن. شۇڭا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى پوقاق ئىكەن.

ناۋادا بۇ يەرگە سىرتتىن بىرەر كىشى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا باللار، ئاياللار ئولىشىۋېلىپ:

— تووۋا، بۇ كىشىنىڭ بويىنى ئىنچىكە، يىگلەپ قالغاتدەك تۇرىدىكىنا، بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن دېسە، — دەپ كۈلۈشۈپ مازاق قىلىدىكەن.

سىرتتىن كەلگەن كىشى:

— بوينۇڭلاردىكى كۆپۈپ تۇرغان نەرسە پوقاق، ئۇ بىر خىل



كېسەللىك، مېنى زاڭلىق قىلغۇچە كېسىلىڭلارغا ياخشىراق داۋا تاپساڭلار بولمامدۇ؟ — دېسە، ئۇلار:

— كەنتىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تۇرساق داۋالىتىپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

قىسقىسى، ئۇلار تا ئۆلگۈچە پوقاقنىڭ بىر خىل كېسەللىك ھەم ئەيىب ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

## ھېلىگەر بالىنىڭ ئامۇت ئوغرىلىشى

ليۇ يۈەنچىڭ

بىر دېھقاننىڭ بېغىدىكى ئامۇتلار ئوخشاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئامۇتلىرىغا ئوغرى تېگىشتىن قورقۇپ، بېغىنىڭ تېمىنى بويلاپ تۇزاق قۇرۇپتۇ، تۇزاقنىڭ ئىچىنى مەينەت نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇپتۇ.

بىر كەپسىز بالا دوستلىرى بىلەن ئامۇت ئوغرىلىغىلى بېرىپتۇ ـ دە، تامدىن ئارتىلىپلا تۇزاققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەينەت نەرسىلەر ئۇنىڭ بوينىغىچە كەپتۇ، ئەمما ئۇ دوستلىرىنى:

— كېلىڭلار، چاپسان كېلىڭلار، بۇ يەردە راسا ئوخشىغان

ئامۆت بار ئىكەن، ــ دەپ چاقىرىپتۇ.
ئۆنىڭ دوستلىرىدىن بىرى تامدىن ئارتىلىپ سەكرەپلا تۇزاققا چۈشۈپتۇ. ئۇ باشقىلارغا كەلمەڭلار دەي دەپ ئاغزىنى ئېچىشىغا، ھېلىقى ھىيلىگەر بالا ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ يەنە بىر دوستىغا:
ــ بول، تېز بول ! ــ دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ.
ھېلىقى دوستىمۇ تۇزاققا چۈشۈپتۇ. ئىككى دوستى ئۇنى تىللاپتىكەن، ئۇ:
ــ ئىككىڭلاردىن بىرەرىڭلار بۇ تۇزاققا چۈشمەي ئامان قالساڭلار، مېنى ئۆلگۈچە مازاق قىلاتتىڭلار، ــ دەپتۇ.

## ئورانگۇتاننىڭ مەي ئىچىشى

### ليۇ يۈەنچىك

ئورانگۇتان مەي ئىچىشكە بەكلا ئامراق ئىكەن. تاغ باغرىدا ياشايدىغان كىشىلەر مەي قۇيۇلغان چەينەك بىلەن چوڭ ـ كىچىك قەدەھلەرنى قويۇپ قويىدىكەن. ئۇلار يەنە بىرمۇنچە پاخال چورۇق توقۇپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، يول بويىغا قويۇپ قويىدىكەن.
ئورانگۇتانلار بىر قاراپلا بۇ ئۆزلىرىنى قىلتاققا دەسسىتىدىغان ھۈنەر ئىكەنلىكىنى، بۇ قىلتاقنى كىملەرنىڭ قۇرغانلىقىنى بىلىۋالىدىكەن ـ دە، قىلتاقچىلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۆزلىرىگىچە ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تىللايدىكەن. ئۇلار راسا تىللاپ پۈخادىن چىققاندىن كېيىن بەزى ئورانگۇتانلار:
ــ نېمىشقا مەيدىن ئازراق تېتىپ باقمايمىز؟ تېتىپ باقساق تېتىپ باقايلى، جىق ئىچىۋالمايلى جۇمۇ، ــ دېيىشىدىكەن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىچىك قەدەھلەرگە قۇيۇپ ئىچىدىكەن،

ئاندىن كېيىن قىلتاقچىلارنى راسا تىللاپ بولۇپ قوللىرىدىكى قەدەھنى چۆرۈۋېتىدىكەن.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭدىن چوڭراق قەدەھتە ئىچىشكە باشلايدىكەن. ئىچىپ بولۇپ يەنە تىللىغىنىچە قەدەھنى چۆرۈۋېتىدىكەن.

مەي ئىچكەنسېرى تېتىپ كېتىدىكەن، تېتىپ كەتكەنسېرى مەي ئىچكەن قەدەھلىرى كىچىكىدىن چوڭىغا ئالمىشىۋېرىدىكەن، بېرىپ ــ بېرىپ ئەڭ چوڭ قەدەھتە ھەممىنى ئۇنتۇپ، مەست بولغۇچە ئىچىدىكەن. مەست بولغاندىن كېيىن بىر ــ بىرىگە چاقچاق قىلىپ، كۈلۈشۈپ، ئاخىر بېرىپ پاخال چورۇقلارنى كىيىشىۋالىدىكەن.

شۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەر ئۇلارنى قوغلايدىكەن، نەتىجىدە ئۇلار قاچىمەن دەپ بىر ــ بىرىنى دەسسىشىپ، يىقىلىشىپ، ئاخىر ھەممىسى قولغا چۈشىدىكەن. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئورانگۇتانلارمۇ ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىكەن.

ئورانگۇتانلارنى ئەقىللىق دېيىشكە بولىدىكەن، نىمىشقا دېگەندە، ئۆزىگە قىلتاق قۇرغانلاردىن نەپرەتلىنىشنى بىلىدىكەن، ئەمما يەنىلا شۇ نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈكنىڭ دەستىدىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىكەن.

## جاھىلنىڭ دادىسىنى تونۇشى

### ليۇ يۈەنچىڭ

شېجۇ ئايمىقىدىن سودىگەر جىق چىقىدىكەن.

بۇ يەردە ئوقۇمۇشلۇق بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇز يىل بۇرۇن سودا قىلغىلى چىقىپ كېتىپتىكەن. ئۆيدە ئۇنىڭ بىر پارچە سۈرىتىلا بار ئىكەن.



بىر كۈنى، ئۇنىڭ دادىسى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇ كىشىنى دادىسىنىڭ سۈرىتىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىپ ئوخشايدىغان ھېچ يېرىنى تاپالماپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەستىن:

— سۈرەتتىكى دادام ئاپئاق ھەم سېمىز ئىكەنتۇق، سىز دېگەن قارا ھەم ئورۇق ئىكەنسىز؛ دادامنىڭ ساقىلى ئۇنچە جىق ئەمەس ئىكەنتۇق، سىزنىڭ ساقىلىڭىز مەيدىڭىزنى بىر ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچ ـ ساقاللىرىڭىز چارلىشىپتۇ؛ كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزغۇ تېخىمۇ ئوخشىمايدىكەن، — دەپتۇ.

ئانىسى چىقىپمۇ:

— ۋاي راست، سۈرەتتىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

دادىسى خوتۇنىغا بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىتىپتۇ. ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزغان رەسسامنىڭ ئىسمىنى، سۈرەت سىزىش جەريانىدىكى ئىشلارنى دەپ بېرىپتىكەن، شۇنىڭدىلا خوتۇنى:

— ۋاي راست، مېنىڭ ئېرىم ئىكەن، — دەپتۇ، بالىسىمۇ دادىسىنى تونۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

# تالششش

## ليۇ يۈەنچىڭ

بۇرۇن بىر ئادەم ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غازنى ئاتماقچى بولۇپ:

— خەپ، ئېتىۋالسام پىشۇرۇپ يېمىسەم، — دەپتىكەن، ئىنىسى ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي:

— ئۆيدە باققان غازنى پىشۇرۇپ يېسە مەززىلىك بولىدۇ، ياۋا غازنى كاۋاپ قىلسا مەززىلىك بولىدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تالىشار ـ تالىشار، كىمنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۇچۇن دوتەينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. دوتەي ئۇلارغا، ياۋا غازنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى پىشۇرۇپ يەڭلار، يېرىمىنى كاۋاپ قىلىڭلار، دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار ياۋا غازنى ئاتماقچى بولۇپ قارىسا، ياۋا غازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.



# مۇشۇك

## ليۇ يۇەنچىڭ

چياۋ يۈەن مۇشۇك بېقىپتۇ. مۇشۇكىنى ئالاھىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن مېھمانلارغا بۇ دېگەن «يولۋاس مۇشۇك» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ.

بىر مېھمان قوپۇپ:

— يولۋاسقۇ باتۇر نېمە، لېكىن ئەجدىھادەك سۈر ـ ھەيۋەت ئەمەس، شۇڭا بۇ مۇشۇكنى «ئەجدىھا مۇشۇك» دەپ ئاتايلى، — دەپتۇ.

يەنە بىر مېھمان قوپۇپ:

— ئەجدىھا ھەقىقەتەن يولۋاستىن سۈرلۈك، ئەمما ئۇ ئاسمانغا چىقسا بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، ئەجدىھانى كۆتۈرۈپ تۇرالىغاندىكىن بۇلۇت ئەجدىھانى بېسىپ چۈشمەمدۇ؟ شۇڭا بۇ مۇشۇكنى «بۇلۇت مۇشۇك» دەيلى، — دەپتۇ.

— بۇلۇت كۈننى توسۇۋالسا شامال كېلىپ ئۇنى تارقىتىۋېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇلۇت شامالغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ مۇشۇكنى «شامال مۇشۇك» دەپ ئاتايلى. — دەپتۇ يەنە بىر مېھمان.

— شامالنىڭغۇ كۈچلۈك دېيىمىز. لېكىن تام ئۇنى توسۇۋالالايدۇ. شامال ـ بوران تامنى ھېچقانداق قىلالمايدۇ. شۇڭا، بۇ مۇشۇكنى «تام مۇشۇك» دەيلى. — دەپتۇ يەنە بىر مېھمان.

ئۇلارنىڭ گېپىگە قايىل بولمىغان بىر مېھمان:

— تام ھەقىقەتەن مۇستەھكەم نەرسە. لېكىن ئۇنىمۇ چاشقان تېشىپ ئۆتمۆشۈك قىلىۋېتىدۇغۇ. شۇڭا بۇ مۇشۇكنى «چاشقان مۇشۇك» دەپ ئاتايلى، — دەپتۇ.

دۆڭشياڭلىق بىر مويسىپىت ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەستا، چاشقاننى تۇتىدىغان ئاشۇ مۇشۇكقۇ! مۇشۇك دېگەن مۇشۇك، نېمىشقا ئۇنى مۇناسىپ بولمىغان ناملار بىلەن ئاتايسىلەر؟ — دەپتۇ.

## جايىغا چۈشمىگەن تەكەللۇپ

### ليۇ يۈەنچىڭ

يۈتەيزى دوستى بىلەن مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. دوستى شىرەگە ئېڭىشىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن. پېشىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۈتەيزى ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى جۈپلەپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— بىر ئىش بار ئىدى، سىزگە دېسەم تېخى، دېمىسەم تېخى. دەي دېسەم، سەپرا مىجەزىڭىزنىڭ قوزغىلىشىپ كېتىشىدىن قورقىمەن، دېمەي دېسەم، دوستۇمغا بىۋاپالىق قىلغان بولۇپ قالماي دەپ ئەنسىرەيمەن. كۆڭۈل - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، غەزىپىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، جىمى خاپىلىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىز، ئاندىن دەيمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ دوستى:

— نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپتىكەن، يۈتەيزى يەنە كىچىك پېئىللىق بىلەن قايتا - قايتا تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن:

— كىيىمىڭىزگە ئوت تۇتىشىپ كەتتىلەر، — دەپتۇ ئالدىرىماي - تېنىمەي.

دوستى شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئوت ئوبدانلا تۇتاشقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ - دە:

— مۇشۇ ئىشقا كەلگەندىمۇ تىلىڭنى چايناپ ئولتۇرامسەن؟ — دەپ كايىپتۇ.

ئۇنىڭ قاتتىق چىچىلغىنىنى كۆرگەن يۇتەيزى:
— باشقىلار سىزنى سەپرا مىجەز دەۋاتاتتى. ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، — دەپتۇ.

## جىڭدىچى قۇشنىڭ دورامچىلىقى

### جۇاڭ يۇەنچېن

جىڭدىچى قۇش جەنۇبتىن چىقىدىكەن. جەنۇبلۇق بىرى ئۇنى تورغا چۈشۈرۈپ تۇتقاندىن كېيىن ئەكېلىپ گەپ قىلىشنى ئۆگىتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئادەمنى دوراپ گەپ قىلىدىغان بوپتۇ، ئەمما ئەتىدىن - كەچكىچە قىلىدىغىنى شۇ بىر نەچچە ئېغىز لا گەپ ئىكەن.


ھويلىدا تومۇزغا سايراپتىكەن، جىڭدىچى قۇش ئۇنى مازاق قىپتۇ. تومۇزغا ئۇنىڭغا:
— ئادەملەرنى دوراپ نەچچە ئېغىز گەپ قىلالىغىنىڭ قالتىس ئىش، لېكىن ئۇ گەپلىرىڭ گەپ قىلمىغانغا باراۋەر، ئۇنى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۆز مەقسىتىمنى ئۇقتۇرۇپ سايرىغىنىمغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جىڭدىچى قۇش خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئادەملەرنىڭ گەپ قىلىشىنى دورىماس بوپتۇ.

## تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى

### جۇاڭ يۇەنچېن

ئۆزىنى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى دەۋالغان بىر تېۋىپ بار ئىكەن. بىر لەشكەر بېشىغا ئوقيا ئوقى تېگىپ يارىلىنىپتۇ. ئوقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ بەدىنىگە چوڭقۇر كىرىپ كەتكەچكە، ئوقنى



چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

تېۋىپ بىڭجۇ ئايىمىقىدىن چىقىدىغان ئۆتكۈر قايچىنى ئېلىپ، ئوقنىڭ بەدەندىن چىقىپ تۇرغان قىسمىنىلا كېسىۋېتىپتۇ ــ دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىنئام كۈتۈپتۇ.

لەشكەر بېشى ئۇنىڭغا:

ــ ئوقنىڭ بېشى بەدىنىمدە قالدى، دەرھال ئېلىۋېتىڭ، ــ دېگەندە، ئۇ:

ــ مەن دېگەن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، شۇڭا ئوقنىڭ بەدەننىڭ تېشىدىكى قىسمىغا مەسئۇل. بەدەننىڭ ئىچىدىكىسى ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئىشى، ئۇنىمۇ مەن داۋالامدىمەن؟ ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## دوكنى داۋالاش

### جياڭ يىڭكې

بۇرۇنقى زاماندا بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ دائىم: «دوكنى داۋالاپ ئىلىپتەك تۈز قىلىۋېتىمەن. ئۇ مەيلى ئوقيادەك ئېگىلىپ كەتكەن، راكتەك پۈكۈلۈپ كەتكەن، دوڭغاق سۆگەتتەك مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ، قامچىنىڭ دەستىدەك رۇس

قىلىۋېتىمەن» دەپ پو ئېتىپ يۈرىدىكەن.

بىر ئادەم ئۇنىڭ پولىرىغا ئىشىنىپ قاپتۇ ـ دە، داۋالانغىلى كەپتۇ.

ئۇ ئىككى تال تاختاينى تېپىپ كېلىپ، بىر تېلىنى ئۇ دوك ئادەمنىڭ ئاستىغا، يەنە بىر تېلىنى ئۈستىگە قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆزى ئۈستىگە چىقىپ دەسسەشكە باشلاپتۇ.

دېگەندەك، دوكنىڭ دوكى تۈپتۈز بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۆزى نەپەستىن قاپتۇ. دوكنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يامۇلغا ئەرز قىپتىكەن، ئۇ:

ــ مېنىڭ كەسپىم دوك داۋالاش، شۇڭا دوك ئادەمنى ئېلىپتەك تۈز قىلىۋېتىشنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن نېمە كارىم؟ ــ دەپتۇ.

## چاندۇرمايمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇش

### جياڭ يىڭكې

ئۆمرىدە سۇ ياڭىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان شىماللىق بىر كىشى جەنۇبقا كېلىپ ئەمەل تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ كېلىشىنى تەبرىكلەپ بېرىلگەن زىياپەت داستىخىنىدا، ئۇ بىر تال سۇ ياڭىقىنى ئېلىپ پوستى بىلەنلا ئاغزىغا سېپتۇ. بىرەيلەن:

ــ تەقسىر، سۇ ياڭىقىنى پوستىنى سويۇۋېتىپ يەيدۇ، ــ دەپتىكەن، ئۇ چاندۇرمايمەن دەپ:

ــ پوستىنى سويۇۋېتىپ يەيدىغانىنى مەنمۇ بىلىمەن، ئىسسىقىدا ئاغزىمغا سالاي دەيمىنا، ــ دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم يەنە:

ــ شىمالدىمۇ بۇ نەرسە بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

ــ بولمامدىغان، قايسى تاغقا قارىسىڭىز مىچچىدە ئۈنۈپ كەتكەن دەڭە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئۆمۈچۈك بىلەن پىلە قۇرتى

### جياڭ يىڭكې

ئۆمۈچۈك پىلە قۇرتىغا:

— سەن دائىم توق ياشايسەن، يېگىنىڭنى ئالتۇندەك سېرىق ئاغزىڭدىن سارغۇچ پىلە چىقىرىپ ئۆزۈڭنى ئورايسەن. پىلىچى قىز سېنى قايناق سۇغا سېلىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن يىپەك يىپلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھاياتىڭمۇ ئاخىرلىشىدۇ. سەن ئاشۇ ئاجايىپ ھۈنىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن، بۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق بولماي نېمە؟ ھاياتنى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇش ئەخمەقلىقتۇ، ئاخىر! — دەپتۇ.

پىلە قۇرتى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن. لېكىن، ئاغزىمدىن چىققان نەرسىلەردىن تاۋار - دۇردۇن توقۇغىلى بولىدۇ. پادىشاھنىڭ شاھانە تونىدىن تارتىپ، بەگ - غوجىلارنىڭ ئۇستۈۋاشلىرىغىچە قايسىبىرى مەن چىقارغان يىپەكتىن تىكىلمىگەن؟ سەن ھەقىقەتەنمۇ قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈن ھەريان قاترايسەن، ئاغزىڭدىن چىققان نەرسە بىلەن تور توقۇپ ئىچىگە كىرىپ كۆزىتىپ ئولتۇرىسەن. پاشا، كۆكۈيۈن، ھەرە، كېپىنەك قاتارلىق ھاشاراتلار تورۇڭغا تېگىپلا كەتتىمۇ، بولدى. ئىلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن تەييار نېمەتلەر بىلەن قورسىقىڭنى تويدۇرىسەن. سېنىڭ ھۈنىرىڭ مېنىڭكىدىنمۇ كارامەت، لېكىن بەك دەھشەت، بەك رەھىمسىز.

— ئۆزگىگە نەپ يەتكۈزمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە ئۆزىگە نەپ يەتكۈزگەن تۈزۈك، — دەپتۇ ئۆمۈچۈك.

دېمىسىمۇ بۇ جاھاندا ئۆمۈچۈكتەك ياشىماي پىلە قۇرتىدەك ياشايدىغانلار بەكمۇ ئاز.

## شەپەرەڭ

### فېك مېڭلۇڭ

سۇمۇرغنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىپ ئۇنى قۇتلۇقلاپتۇ، پەقەت شەپەرەڭلا كەلمەپتۇ. سۇمۇرغ ئۇنىڭغا كايىپ:

— سەن مېنىڭ قول ئاستىمدا تۇرۇپ، نېمەڭگە بۇنچە يوغانچىلىق قىلىسەن؟ — دەپتىكەن، شەپەرەڭ:

— مېنىڭ پۇتۇم بار، شۇڭا ھايۋانلارغا كىرىمەن، شۇنداق ئىكەن، نېمىدەپ سېنى قۇتلۇقلىغۇدەكمەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى چىلىن① تۇغۇلغان كۈننى قۇتلۇقلاپتۇ. شەپەرەڭ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگىمۇ بارماپتۇ. چىلىن ئۇنىڭغا كايىپتىكەن، ئۇ:

— مېنىڭ قانىتىم بار، شۇڭا ئۇچار قاناتلارغا تەۋە بولىمەن. شۇنداق تۇرۇپ سېنى نېمىدەپ قۇتلۇقلاپ بارغۇدەكمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن سۇمۇرغ بىلەن چىلىن ئۇچرىشىپ قېلىپ شەپەرەڭنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپتۇ ـ دە، ھەسرەت بىلەن:

— جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى. شەپەرەڭگە ئوخشاش ئۇچار قانات دېسە ئۇچار قانات ئەمەس، ھايۋانات دېسە ھايۋانات ئەمەس بىرنېمىلەر پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنداقلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئامالمۇ تاپالمايدىكەنسەن، — دېيىشىپتۇ.

---

① چىلىن ـ خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە بۇغىغا ئوخشايدىغان، بەدىنى قاسىراقلىق قىممەتلىك ھايۋان. ئۇ قەدىمدە ياخشىلىققا سىمۋول قىلىناتتى.

# تەرىقەت يولىدىن چىقىش

## فىلىك مىگلوك

بىر ئوتتۇنچى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ قايتىشىدا بىر كەلكۈ ئىرىققا دۇچ كەپتۇ. قىيان كېلىپ ئېرىقتىكى سۇ ئاۋۇپ كەتكەچكە ئۇ ئۆتەلمەپتۇ.

ئېرىققا يېقىن يەردىلا بىر بۇتخانا بار ئىكەن. ئۇ بۇتخانىغا كىرىپ ئىلاھىي بۇتنى ئاچىقىپتۇ ـ دە، ئېرىققا توغرىسىغا قويۇپلا ئىلاھىي بۇتنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم كەپتۇ. ئۇ ئىلاھىي بۇتنىڭ ئېرىققا كۆۋرۈك ئورنىدا قويۇلغىنىنى كۆرۈپ تەقۋادارلىق بىلەن ئۇھسىنىپ:

ــ ئىلاھقا بۇنداقمۇ بىھۆرمەتلىك قىلغان بارمۇ؟ ــ دەپتۇ ـ دە، ئىلاھىي بۇتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۈستىدىكى سۇلارنى كىيىمى بىلەن ئېرتىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بۇتخانىغا قويۇپ، نەچچە قېتىم باش ئۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېتىپتۇ.

بۇتخانىدىكى شەيتان بۇنى كۆرۈپ:

ــ ھەزرەتلىرى بۇ يەرگە ئىلاھ بولۇپ كەنتتىكىلەرنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى قوبۇل قىلاتتىملە. ئەمدىلىكتە بىلىمسىز، نادان كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدىلا، نېمىشقا ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا ياغدۇرمايلا؟ ــ دەپتۇ.

ــ بالا ـ قازا ياغدۇرسامۇ كەيندىكى ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىغا ياغدۇرىمەن، ــ دەپتۇ ئىلاھ.

ــ باشتىكى ئادەم ئۆزلىرىنى كۆۋرۈك قىلىپ دەسسەپ چەيلىدى، سىلى ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر نومۇسلۇق ئىش بولماس. شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭغا بالا ـ قازا بەرمەيمەن دەۋاتىدىلا،

كەينىدىكى ئادەم سىلىگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىززەت ـ ئىكرام ئەيلىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق بالا ـ قازانى شۇ تەقۋادار كىشىنىڭ بېشىغا ياغدۇرىمەن دەۋاتىدىلا، بۇ نېمە ئۇچۇن؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان شەيتان.

— باشتىكى ئادەم تەرىقەت يولىدىن چىقىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغدۇرۇپ ھەددىمىمۇ؟ — دەپتۇ ئىلاھ.

## مۈشۈكنىڭ چاشقانغا ئۆمۈر تىلىشى

بىر چاشقان مۈشۈكتىن قېچىپ بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. مۈشۈك ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى تۇتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزۇن بۇرتىنى بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ چاشقاننىڭ چىشىغا تېگىپ ئويناپتۇ. چاشقان بۇرۇتنىڭ غىدىقلىشى بىلەن چۈشكۈرۈۋېتىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭغا: «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقان:

— ھېچقاچان ماڭا ئۆمۈر تىلىمەيسەن! مەقسىتىڭ مېنى ئالداپ ئاچىقىپ يەۋېتىشقۇ سېنىڭ! — دەپتۇ.

## ياۋا ئۆردەك بىلەن توشقان ئوۋلاش

### فېك مېڭلۇڭ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئوۋغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ قارچىغا، قورغۇي، بۈركۈتكە ئوخشاش ئالارمەن قۇشلارنى بىلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياۋا ئۆردەكتىن بىرنى ئېلىپ ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ.

بىر توشقان چاتقال ئارىسىدىن چىقىپ كەپتىكەن، ئۇ قولىدىكى ياۋا ئۆردەكنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئەمما ياۋا ئۆردەك ئۇچالماستىن پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ياۋا ئۆردەكنى ئاسمانغا قارىتىپ يەنە بىر قېتىم ئېتىپتۇ، بۇ قېتىممۇ

ئوخشاشلا پوكلا قىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ياۋا ئۆردەكنى تاشلىۋېتىپتۇ.

ياۋا ئۆردەك ئاقساپ مېڭىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى ئاقلاپ:

— مەن دېگەن ياۋا ئۆردەك. مېنىڭ قولۇمدىن باشقىلارغا يەم بولۇشتىن بۆلەك ئىش كەلمەيدىغان تۇرسا، توشقاننى قوغلاپ تۇتۇشتەك تەس ئىشنى نېمىشقا مېنى قىلىشقا زورلايسىز؟ — ئۇ گەپ قىلغاچ پەنجىسىنى ئۇ كىشىگە كۆرسىتىپ دەپتۇ، — مانا قاراڭ، مۇشۇ پەنجەم بىلەن توشقان تۇتالايمەنمۇ؟

## ياپچۇەك بىلەن يىلان

### پۇ سۇڭلىڭ

جاڭ فامىلىلىك بىر كىشى جىرادا كېتىۋاتسا ناھايىتى كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا، چىنىنىڭ ئاغزىچىلىك توملۇقتىكى بىر يىلان دەرەخلىكتە ئۆزىنى ئۇيان تاشلاپ، بۇيان تاشلاپ، قۇيرۇقى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى ئۇرۇپ دومىلاپ يۈرگۈدەك. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ زەربىسىدىن سۆگەت دەرىخىنىڭ خېلى چوڭ غوللىرىمۇ ئاجراپ چۈشۈۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ دومىلاشلىرىغا قاراپ جاڭ فامىلىلىك بىرنەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، يېقىنراق بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ. قارىسا بىر ياپچۇەك ئۇنىڭ بېشىغا ئورغاقتەك ئۆتكۈر تىرنىقىنى پاتۇرۇپ قىيناۋاتقۇدەك. يىلان ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۇنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋېتەلمەپتۇ. تولا دومىلاپ، تولا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن يىلان بىر چاغدا ئۆلۈپ قاپتۇ.

جاڭ فامىلىلىك قارىسا يىلاننىڭ بېشىدىكى تېرىسى ئالىنقاچان يېرىلىپ گۆشلىرى تىتىلىپ كەتكەنىكەن.

# ئۆردەك ئوغرىسىنى تىللاش

## پۇ سۇڭلىڭ

بەيجياجۇاڭ كەنتىدىكى بىر دېھقان قوشنىسىنىڭ ئۆردىكىنى ئوغرىلاپ پىشۇرۇپ يەۋاپتۇ. قورسىقىنى توقلاپ راسا شېرىن ئۇخلاۋاتسا بەدىنى قىچىشقاندەك بىلىنىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن قارىسا، بەدىنىنى ئۆردەك پېيى قاپلاپ كەتكەنمىش، يەنە كېلىپ ئۇلارغا تېگىپلا كەتسە ئاغرىپ كېتەرمىش. بۇنىڭدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەن دېھقان ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ داۋاسىنى تاپالماپتۇ.

ئۇ كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر كىشى ئۇنىڭغا: «تەڭرى سېنى جازالاش ئۈچۈن ئۇشبۇ كېسەللىككە گىرىپتار قىلدى. بۇ كېسەللىك ئۆردەكنىڭ ئىگىسى سېنى ئۆلگۈدەك تىللىسا ئاندىن ساقىيىدۇ» دەپتۇ.

شۇغىنىسى، ئۆردەكنىڭ ئىگىسى قورسىقى تولىمۇ كەڭ، مەرد بوۋاي ئىكەن. ئادەتتىمۇ بىرەر نەرسىسى يىتىپ كەتسە تېشىغا چىقارماي، چاندۇرماي يۈرىدىكەن. شۇڭا، ئۆردەك ئوغرىسى ئۆزىچە ئۇستاتلىق قىلىپ بوۋايغا:



— ئۆردىكىڭىزنى مەلۇم بىر ئادەم ئوغرىلاپتىكەن، ئۇ ئادەم تىللىشىڭىزدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن. ئۇنى تازا بىر تىللاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلمامسىز، — دەپتىكەن، بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ:
— ئۇنداق ئەسكىلەرنى تىللايمەن دەپ ئۆزۈمنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ.
ئۆردەك ئوغرىسى بەكلا تەڭقىسلىقتا قاپتۇ، ئاخىر بولماي ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى راسا تىللاپتىكەن، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىپتۇ.

## ئىككى پادىچى

### پۇ سۇڭلىڭ

ئىككى پادىچىغا بىر بۆرە ئىنى ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە ئىنىنىڭ ئىچىدە ئىككى بۆرە كۈچۈكى بار ئىكەن. ئىككى پادىچى ئۇلارنى بىردىن تۇتۇپ، ئارىلىقى نەچچە ئون قەدەم كېلىدىغان ئىككى تۈپ دەرەخكە چىقىۋاپتۇ.
بىرپەستىن كېيىن ئانا بۆرە كېلىپ ئىنىغا كىرسە بالىلىرى يوقمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەريان چېپىپ بالىلىرىنى ئىزدەپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر پادىچى قەستەن بۆرە كۈچۈكىنىڭ قۇلىقىنى تارتىپ، پۇتىنى قايرىپ ھۇۋلىتىپتۇ.
بالىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا بۆرە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بالىسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ھۇۋلىغىنىچە ئۆزىنى دەرەخكە ئۇرۇپ، تاتىلاپ ـ تىرنىلاپ، دەرەخكە چىقماقچى بولۇپ كۈچەپ سەدپارە بولۇپ كېتىپتۇ.
بۇ چاغدا يەنە بىر دەرەختىكى پادىچىمۇ بۆرە كۈچۈكىنى قىيناپ ھۇۋلىتىپتۇ. ھۇۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئانا بۆرە ئۆزىنى ئۇ دەرەخكە ئېتىپ، ھۇۋلىغىنىچە دەرەخنى تاتىلاپ،

دەرەخكە چىقماقچى بولۇپ كۆچەپ ئاۋارە بوپتۇ.

ئىككى پادىچى بۆرە كۆچۈكلىرىنى نۆۋەت بىلەن ھۇۋلىتىۋېرىپتۇ، ئانا بۆرە ئۆزىنى ھېلى ئۇ دەرەخكە، ھېلى بۇ دەرەخكە ئېتىپ، دەرەخلەرنى تاتىلاپ، سەكرەپ - تاقلاپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ، بارا - بارا ئۇ باشتىكىدەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشتىن قاپتۇ، ئاۋازىمۇ ئاجىزلاپ ئاران ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

ئاشۇنداق يىگىرمە، ئوتتۇز قېتىم ئۇيان - بۇيان قاتراشلاردىن كېيىن ئۇ ئاخىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ سوزۇلۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مىدىر - سىدىر قىلماپتۇ.

ئىككى پادىچى دەرەختىن چۈشۈپ قارىسا، ئانا بۆرە ئاللىقاچان نەپەستىن قاپتۇ.

## فۇ شيەن

### جى يۈن

فۇ شيەن كىتابخۇمار ھەم قولىدىن ئانچە - مۇنچە يېزىشمۇ كېلىدىغان، تېبابەتتىنمۇ ئازراق خەۋىرى بار ئادەم ئىكەن. ئەمما، ئۇ تولىمۇ رەسمىيەتچى، كالللىسى قاششاق، قاتمال بىر ئادەم ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ سالماق قەدەملەر بىلەن بازارغا كەپتۇ - دە، ئۇچرىغانلا ئادەمدىن: «ۋېي ئاكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئاۋۇ تەرەپتە كۆردۇق دېسە، ئۇ شۇ تەرەپكە يەنە سالماق قەدەملەر بىلەن يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا نەپىسىنى رۇسلاپ خېلىغىچە ئېغىز ئاچماپتۇ. ۋېي ئاكا ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگىنىنى سوراپتىكەن، ئۇ:

— بايا مەن سىزىي ئاچچىق قۇدۇق بېشىدىكى دەرەخ تۈۋىدە مەزلۇمىڭىزنىڭ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھېرىپ

كەتتىمكىن مۆگدەپ قاپتۇ. كىچىك ئوغلىڭىز قۇدۇقتىن سەللا نېرىدا ئويناۋېتىپتۇ، خاۋاتىرلىنىپ قالدىم. نامەھرەم بولمىسۇن دەپ مەزلۇمىڭىزنى ئويغاتمىدىم، شۇنىڭ بىلەن سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم، ــ دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋېي ئاكا كەشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي چېپىپ قۇدۇق بېشىغا بارسا، ۋېي ئاكىنىڭ ئايالى قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا دۈم يېتىۋېلىپ، ۋاي بالام، دەپ يىغلاۋېتىپتۇ.

## چوڭ چاشقان

### پۇ سۇڭلىڭ

ۋەنلى يىللىرى ئوردىدا چاشقان ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. ئۇ چاغدىكى چاشقانلار يوغىناپ مۈشۈكچە بولۇپ كېتىپتۇ، سالغان زىيىنىنى مۆلچەرلىمەك قىيىن بوپتۇ. ئوردىدىكىلەر ئەل ئارىسىنى كېزىپ، ياراملىق مۈشۈكلەرنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، مۈشۈكلەر چاشقاننى ئەمەس، چاشقانلار مۈشۈكنى يەپ كېتىپتۇ.

خۇددى بىلگەندەك، دەل شۇ چاغدا چەت ئەلدىن ئوردىغا شىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇڭلۇق مۈشۈك سوۋغا قىلىنىپتۇ.

ئوردىدىكىلەر بۇ مۈشۈكنى چاشقان بار ئۆيگە سولاپ، ئىشىكنى ھىم ئېتىپتۇ ـ دە، سىرتتا كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

مۈشۈك زوڭزىيىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. چاشقانمۇ كامىرىدىن خېلىدىن كېيىن چىقىپتۇ، ئۇ مۈشۈكنى كۆرگەن ھامان غەزەپ بىلەن ئېتىلىپتۇ.

مۈشۈك پاكارراق شىرەنىڭ ئۈستىگە سەكرىۋاپتىكەن، چاشقانمۇ بوش كەلمەي شىرەنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپتۇ؛ مۈشۈك چاشقاننىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ پەسكە سەكرىۋاپتۇ، چاشقان پەسكە سەكرىسە ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ؛ مۈشۈك ئاشۇنداق ھەرىكەتنى بىرەر يۈز قېتىمچە تەكرارلاپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەنلەر، بۇ مۇشۇكمۇ تايىنلىقكەن، چاشقاندىن قورقتى دەپ ئۇمىدسىزلىنىپتۇ. بىراق، چاشقاننىڭ سەكرەپ، تاقلاشلىرى بارغانسېرى ئاستىلاپ، يەرگە چۈشكەندە ئانچە ـ مۇنچە دېمىنى ئېلىۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇ ئەسنادا، مۇشۇك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چاشقاننىڭ مېڭىسىنى قاماللاپ تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، بېشىنى چىشلەشكە باشلاپتۇ. چاشقان بىلەن مۇشۇك پۇملاقلىشىپ كېتىپتۇ. مۇشۇك غەزەپ بىلەن مياۋلىسا، جان قايغۇسىدا قالغان چاشقان «چىر، چىر» قىلىپ چىرقىراشقا باشلاپتۇ.

سىرتتا تۇرغانلار دەرھال كىرىپ قارىسا، چاشقاننىڭ بېشىنى مۇشۇك قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپتىمىش. ئەسلىدە مۇشۇكنىڭ باشتا چاشقاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىكى مەقسىتى، ئۇنى ئاشۇنداق دەي ـ دەيگە سېلىش ئارقىلىق ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ئاندىن چاڭگال سېلىش ئىكەن.

## دۇنيادا ياخشى مۇشۇك يوق

### لي جۇن

بىر كىشى چاشقاننى بەكلا يامان كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇ نۇرغۇن ئۆيگە كىرىپ يۈرۈپ ئاخىر ياخشى مۇشۇكتىن بىرنى تېپىپتۇ، ئاندىن ئۇ مۇشۇكنى يېڭى بېلىق گۆشى بىلەن بېقىپتۇ، تۆشەكنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپتۇ. يۇمشاق يەپ، يۇمشاق يېتىۋاتقان مۇشۇكنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ چاشقان تۇتقۇسى كەلمەستىن، چاشقان بىلەن ئوينايدىغان بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقانلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپتۇ.

مۇشۇك باققۇچىنىڭ بەكلا جۇدۇنى تۇتۇپتۇ ـ دە، جاھاندا ياخشى مۇشۇك يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئىككىنچى مۇشۇك باقماپتۇ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMTI2MDYuemlw",
"filename_decoded": "40312606.zip",
"filesize": 15337017,
"md5": "902f9175a3483d1c67fe35d761d6849b",
"header_md5": "453e35d5cc04a00906b775ac4748a9f2",
"sha1": "5e5cd82fae590886668444026530ea6a6849797",
"sha256": "64dd4d96603116774c19ca9e8fc4807a18d7d3917b29ab1d396daf835bd801ca",
"crc32": 372455216,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16697122,
"pdg_dir_name": "\u2553\u2568\u2563\u00b7\u2563\u253c\u2524\u00b7\u2558\u00f3\u2564\u2558\u2563\u2569\u2569\u252c\u255b\u00bd\u2564\u00ed \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40312606",
"pdg_main_pages_found": 105,
"pdg_main_pages_max": 105,
"total_pages": 115,
"total_pixels": 454429572,
"pdf_generation_missing_pages": false
}